
2013 4
يېزا پەن - تېخنىكىسى
农村科技
ISSN 1004-1095
04>
9 771004 109006


لايجۇڭ كەنتىدە توي
ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

2013 ـ يىل 4 ـ سان
(ئومۇمىي 336 ـ سان)

# يېزا پەن - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش

بۇغداينىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلدىكى پەرۋىشى ........ تۇرسۇنگۈل باۋۇدۇن قاتارلىقلار (1)
چىلگە تاۋۇزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ....خالىدەم سۇلتان قاتارلىقلار (2)
گۈلچاي ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ........................رەيھانگۈل ئابدىگۈل قاتارلىقلار (4)
كۆكتات مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.......ئايتۇرسۇن قۇۋان (6)
كېۋەز سورتلىرىنىڭ چېكىنىپ كېتىش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ........ئابلەق ماخمۇت (7)
كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .......دىلبەر نامەت (10)
كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ......................شەرۋانگۈل تۇرسۇنجان (11)
سەبدەگۈلنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى ..........................ئايشەمگۈل ئابلىز (12)

### ئوغۇت تۇپراق

بۇغداينى فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ......روشەنگۈل لېتىپ قاتارلىقلار (14)
كالىيلىق ئوغۇتنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى رولى ......نۇرنىسا تۇراپ (17)
زىرائەتلەرنى ئوغۇتلاشنىڭ مۇۋاپىق مەزگىلى ۋە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ......ئاسىيەم سايىت (18)
ئورىيانىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش ئۇسۇلى ...............ئەمەتجان ئەخەت قاتارلىقلار (19)

### باغۋەنچىلىك

چىلان دەرىخىنى ئەتىيازلىق چاتاش ئۇسۇلى ......................ئايشەمگۈل ئابدۇگۈل (20)
ئورمان ياڭىقى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ........................سۇلتان زاكىر قاتارلىقلار (21)
ياڭاقنىڭ ئۇششۇكتىن كېيىنكى زىياننى ئازايتىش تەدبىرلىرى....ھۆسنەجان غوجىئابلا قاتارلىقلار (23)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

مۇچ ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.... نىساگۈل زىياۋۇدۇن قاتارلىقلار (25)
مۇچنىڭ چېچەك ۋە مېۋىسى تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ...........يۈسۈپجان ئوسمان (27)
نەشپۈت يوپۇرماق سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش تەدبىرلىرى
.........................رەيھانگۈل زەيدۇن قاتارلىقلار (28)
باھار گەزلىمە قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ..............گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت (30)
قىزىلچىنىڭ پىل تۇمشۇق قوڭغۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .........يى شۇمى (31)
شوخلا يوپۇرمىقى تۇگۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ..............ئاسىيەم رىشىت (33)

قوغۇننىڭ ئاق توزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ............ئاسمىگۈل ئابلىمىت (34)
ئانارنىڭ چېچەك، مېۋىسى تۆكۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ......كېرەم ئوسمان (35)
قوغۇن پىلەك قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ............گۈزەلنۇر ھاجى (38)
بۇغداي كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ..................گۈلشات راخمان (39)
قوغۇن پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ..................نۇرگۈل ئابدۇغوپۇر (40)

## سۇچىلىق

كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى باشقۇرۇش تەدبىرلى-
رى..............................................................ئەنۋەر تۇرغۇن (41)
زىرائەتلەر قانداق ۋاقىتتا سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.........................سەمەت ئابدۇكېرىم (43)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

توخۇلارنى ئىممۇنىتېتلاش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىر-
لىرى ..........................ئابلىمىت ئابدۇرېھىم (44)
چارۋا - ماللاردىكى يەل تاشما كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش ئۇسۇلى......رىزۋانگۈل ھوشۇر (47)
چارۋىلاردىكى كۆپ تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش .....چىمەنگۈل زۇنۇن قاتارلىقلار (49)
قوينىڭ بىرادزوت كېسەللىكى ۋە ئېنتروتوكسېمىيە كېسەللىكىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە داۋالاش
..................................... روزىگۈل ئەخمەتنىياز (51)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

نىمكەش تىراكتور سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار...گۈلباھار ئىنايەت (53)

## يېزا مائارىپى

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ئەخلاق ساپا تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ........ئايجامال ئەخمەت (54)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى ...(57)

## بىلىۋېلىڭ

دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ رولى ..................... ھەلىمە تۇرسۇن (58)

## يېزا ئەدەبىيات - سەنئىتى

شەرەپ قۇچقان جانانغا..........................مەتنۇرى ئىمىن (پۈناقى) (60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

# 农村科技

Rural Science & Technology

2013年第4期

总336期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。


## 栽培管理


小麦中，后期栽培要点 ........ 吐尔逊古丽·巴吾东等(1)

早熟西瓜高产栽培方法 ........ 哈丽旦·苏力坦等(2)

花茶栽培方法 ........ 热议汗古丽·阿布都古丽等(4)

蔬菜苗移栽注意事项 ........ 阿依图荪·库瓦尼(6)

棉花品种退化原因及预防措施 ........ 阿不来克·马合木提(7)

棉花徒长预防措施 ........ 地力白尔·那买提(10)

蔬菜种子识别方法 ........ 夏尔瓦古丽·吐尔逊江(11)

万寿菊栽培方法 ........ 阿依仙木古·阿不力孜(12)


## 土壤肥料


小麦磷肥施用 方法 ........ 茹先古丽·力提甫等(14)

钾肥对植物生长的作用 ........ 努尔尼山·吐拉甫(17)

作物施肥关键时期与施用方法 ........ 阿斯艳·沙依提(18)

提高尿素吸收效率方法 ........ 艾买提江·艾海提等(19)


## 园艺特产


红枣树春季修剪方法 ........ 阿依先古丽·阿布都古丽(20)

榛子栽培技术 ........ 苏力旦·扎克尔等(21)

预防核桃树冻害措施 ........ 玉山江·乎吉阿布拉等(23)


## 植物保护


辣椒病毒病的防治要点 ........ 尼沙古丽·孜亚吾东等(25)

辣椒落花落果防治措施 ........ 玉素甫江·吾斯曼(27)

香梨黄叶病防治措施 ........ 热依汗古丽·再东等(28)

春尺蠖防治方法 ........ 古再努尔·阿卜杜瓦伊提(30)

甜菜象鼻虫防治措施 ........ 冶叔梅(31)

番茄卷叶病防治方法 ........ 阿斯艳木·热西提(33)

甜瓜白粉病防治方法 ........ 阿斯姆姑里·阿卜力米提(34)

石榴落花落果原因及防治措施 ........ 克力木·吾斯满(35)

甜瓜蔓枯病防治方法 ........ 古再丽努尔·阿吉(38)

小麦蚜虫防治方法 …………………………… 古丽夏提·热合曼(39)
甜瓜蚜虫防治方法 ………………………… 努尔古丽·阿不都吾甫尔(40)

## 农田水利

小型水利工程管理措施 ………………………… 艾尼瓦尔·托尔洪(41)
作物需水规律 ……………………………… 塞买提·阿不都克热木(43)

## 畜牧兽医

鸡免疫效果低的原因及解决措施 ………… 阿布里米提·阿布都热依木(44)
家畜鬼风疙瘩防治方法 ……………………… 热孜万古丽·吾修尔(47)
家畜多出汗病的防治措施 …………………… 齐曼古丽·祖农等(49)
羊快疫与羊肠毒血症的鉴别及防治方法 … 肉孜古丽·艾合买提尼牙孜(51)

## 农业机械

购买旧拖拉机注意事项 ……………………… 古丽巴哈尔·依那也提(53)

## 农村教育

提高青少年思想品德教育素质的方法 ……… 阿依加玛丽·艾合买提(54)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 ……………………………………(57)

## 百科知识

农民专业合作社的作用 ……………………………… 艾力曼·吐尔逊(58)

## 农村文艺

争光妇女 ……………………………………… 买提努日·伊明(60)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价: 2.00元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN 65－1046 / S－W
邮 政 代 码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：004601040000839

# بۇغداينىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلدىكى پەرۋىشى

ئېلجان مەمەت    تۇرسۇنگۈل باۋۇدۇن
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى دېھقانچىلىق بۆلۈمدىن)

**1. يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى:** بۇغداينىڭ سۇغا ئەڭ ئېھتىياجلىق مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى سۇ كىچىك گۈللەرنىڭ چېكىنىشىنى ئازايتىپ باشاق سانىنى ئاشۇرىدۇ ھەم تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. ئادەتتە ھەر مو يەرگە 50 ــ 60 مېتىر كۆپ سۇ قويۇلىدۇ. سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئاز مىقداردا ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا داندىكى ئاقسىلنىڭ مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ. بۇغداي بوغۇم تارتىش مەزگىلىدىن باشلاپ ئاق توزان كېسىلى، ھال كېسىلى قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

**2. كېيىنكى مەزگىللىك پەرۋىشى:** دان سۈيى بولسا بۇغداينىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى قېرىشىنى كېچىكتۈرۈپ، دان ئېغىرلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا بۇغداي چېچەكلىگەندىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە دان سۈيىنى قويۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا سۇغارماسلىق لازىم. ئاق توزان كېسىلى، ھال كېسىلى، پىت قاتارلىق كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ دان ئېغىرلىقىنى كېمەيتىۋېتىدۇ، سۈپەتنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا ئالدىن تەكشۈرۈپ مەلۇمات بېرىشنى كۈچەيتىپ دەل ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش لازىم. يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھىرى تۆۋەن بولغان دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىپ بىخەتەر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بۇغداي پوقاق مەزگىلى ۋە دان تۇتۇش مەزگىلىنىڭ باشلىرىدا مىكرو ئوغۇت، كالىي دى ھىدرو فوسفات، ئورىيا قاتارلىق ئوغۇتلارنى يوپۇرماققا پۈركۈپ، يوپۇرماقنىڭ ئىقتىدارلىق مەزگىلىنى ئۇزارتىپ دان ئېغىرلىقى بىلەن ئاقسىل مىقدارىنى ئاشۇرۇپ مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۈپەتنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

# چىلگە تاۋۇزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

خالىدەم سۇلتان    توختى سابىر
(باي ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

**1. تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق:** (1) تاۋۇز ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان يەر تاللاش ـ تاۋۇزدىن مول ھوسۇل ئېلىش، سۈپەتلىك ۋە زىيانسىز ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاۋۇز تېرىيدىغان يەرنى تاللاشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. ① تاۋۇز تېرىيدىغان يەرنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن، ئەتىيازدا تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تېز ئۆرلەيدىغان، قۇمساڭ ياكى ئەت تۇپراقلىق يەرلەر تاللىنىدۇ؛ ② تاۋۇز تېرىيدىغان يەر ئالدىنقى زىرائەتتى بۇغداي ياكى پۇرچاق تۈردىكى زىرائەتلەر تېرىلغان يەر بولۇشى لازىم، كاۋا، پىدىگەن، ئاپتاپپەرەس تېرىلغان يەرلەرگە تېرىشقا بولمايدۇ؛ (2) تېرىشتىن بۇرۇن قاندۇرۇپ ئوسا قىلىش، كۆزدە يەرنى ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش، ئەتىياز كىرگەندە ئۆز ۋاقتىدا يەرنى تۈزلەپ ۋە سولياۋ يوپۇق يېپىپ نەملىك ساقلاش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇرۇقنىڭ نورمال بىخلىنىپ، تېز، تولۇق ئۈنۈپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

**3. دەل ۋاقتىدا يىغىۋېلىش:** يىغىۋېلىش ۋاقتىنىڭ بۇغداي مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. بەك بالدۇر يىغىۋالغاندا مىڭ دان ئېغىرلىقى كېمىيىدۇ ھەم دان سۈپىتى ناچار بولىدۇ. بۇغداينى موم پىشىشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە يىغىۋېلىش لازىم. بۇ مەزگىلدىكى بۇغداينىڭ ئۆسۈش ھالىتى بولسا غوللىرى پۈتۈنلەي سارغايغان، يوپۇرمىقى قۇرۇغان، غول شاخلىرى بەلگىلىك ئېلاستىكىلىققا ئىگە بولغان بولۇپ، دان تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى 22% ئەتراپىدا، دان رەڭگى شۇ سورتنىڭ ئەسلىي رەڭگىگە يېقىن ھەمدە دان بىرقەدەر قاتتىق بولىدۇ. (03)

سۇرگىلى بولىدۇ؛ (3) تېرىشتىن بۇرۇن ھەر مو يەرگە تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن بەش مىڭ كىلوگىرام، %64 لىك ئىككى ئامونىيـ ـلىق فوسفات (磷酸二铵) تىن 40 كىلوگىرامنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ چاچقاندىن كېيىن، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تېرىنا سېلىپ تۈزلەش كېرەك. (4) ئۇرۇق تاللاش: ئۇرۇق تاللىغاندا دېنى توق، ساپلىق دەرىجىسى %98 تىن يۇقىرى، بىخلىنىش نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى، شالغۇت بىرىنچى ئەۋلاد ئۇرۇق تەييارلىنىدۇ. تېرىماقچى بولغان سورت توشۇشقا، ساقلاشقا چىدامـ ـلىق، قەنت تەركىبى يۇقىرى ۋە بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشقان، تاۋارلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى، مېۋىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بالدۇر پىشار سورتلاردىن بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن «جىن شىن ـ 1» (京欣一号)، يالقۇن يۇرتى ـ 1 (火洲一号) قاتارلىق چىلگە سورتلار تەيـ ـيارلىنىدۇ.

**2. تېرىش:** يەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزلەپ، تاختا ئارىلىقىنى 2 ـ 2.5 مېتىر قىلىپ، تىراكتور بىلەن 1.4 مېتىر كەڭلىكتە سولىياۋ يوپۇق يېپىپ، ئادەم كۈچى ئارقىلىق بىر سولىياۋ يوپۇققا بىر قۇر تېرىلىدۇ. ھەر مو يەرگە 100 ـ 150 گىرام ئۇرۇق سېلىنىدۇ. تۈپ ئارىلىقىنى 35 ـ 40 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر ئۆۋىگە 2 ـ 3 دانە ئۇرۇق سېلىنىدۇ. تېرىش چوڭقۇرلۇقى 2 ـ 3 سانتىمېتىر قىلىنىپ، ھەر مو يەردە 800 ـ 900 تۈپ مايسا قالدۇرۇلىدۇ.

**3. مايسا بەلگىلەش:** (1) تولۇقلاپ تېرىش: تاۋۇز تېرىلىپ 6 ـ 7 كۈندە ئۈنۈپ چىقىدۇ، تەكشۈرۈپ ئۈنمىگەن بولسا تولۇقلاپ تېرىش كېرەك. (2) مايسا بەلگىلەش: مايسا ئۈنۈپ چىقىپ ئىككى تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن ھەر ئۆۋىدا بىر تۈپتىن تىمەن، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان مايسا قالدۇرۇلىدۇ.

**4. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** تاۋۇز مايىسىسى 3 ـ 4 ھەقىقىي يوپۇرماق

# گۈلچاي ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل ئابدىگۈل   ھەزىمىگۈل مەمەت
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

گۈلچاي بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، تەبىئىتى سوغۇق، گۈلى قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، قاندىكى ماينى ئېرىتىش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش ئۈنۈمىگە ئىگە. شۇڭا گۈلچاي ئۆستۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. يەرگە ئىشلەش:** گۈلچاي ئادەتتە سۇغىرىشقا قولايلىق، نەملىك ۋە ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان مۇنبەت ياكى قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق يەرلەردە ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. گۈلچاي تېرىلىدىغان ھەر مو يەرنى ئىككى مىڭ كىلوگىرام چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 50 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، تەكشىلەش كېرەك.

**2. تېرىش مەزگىلى ۋە تېرىش ئۇسۇلى:** گۈلچاي ناھىيەمىزدە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى (10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى

چىقارغاندا، مايسىدىن 10 سانتىمېتىر يىراقلىقتا قوزۇق سانجىپ، قوزۇقنى سۇغۇرۇپ ئالغان ئورەككە ئوغۇت قۇيۇپ قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. ئادەتتە ھەر مو يەر 100 ـ 150 كىلوگىرام كۈنجۈرغا 15 ـ 20 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلىنىدۇ.

**5. پىلەك تاراش:** تاۋۇز غول پىلەكتە مېۋىلەيدۇ ۋە يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش، يان پىلەكلەرنى مۇۋاپىق شالاڭلىتىپ، كۈن نۇرى ۋە نەملىك، ئوزۇقلۇقلارنىڭ خوراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق، مېۋىلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تۈپتە 2 ـ 3 يان پىلەك قالدۇرۇپ، قالغان پىلەكلەرنى چاتمۇيتىش كېرەك. (02)

12℃ تىن ئاشقاندا) تېرىلىدۇ. گۈلچاينىڭ ئۇرۇقى بەك كىچىك بولغاچقا، تېرىش چوڭقۇرلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇرۇقنى تېرىغاندىن كېيىن 0.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇرۇق تېرىلىپ 10 ـ 15 كۈندە مايسا ئۈنۈپ چىقىدۇ. مايسا 15 سانتىمېتىر ئۆسكەندە تۈپ ئارىلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا تاقلاش لازىم. ئادەتتە قۇر ئارىلىقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. مايسا كەملىك ئەھۋالى كۆرۈلسە ۋاقتىدا مايسا كۆچۈرۈپ تولۇقلاش لازىم، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە تېرىلسا ھەر مو يەردە 8000 تۈپ مايسا قالدۇرغىلى بولىدۇ.

**3. ئېتىز پەرۋىشى:** ئۇرۇق ئۈنگەندىن كېيىن ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، ئوت ـ چۆپلەرمۇ ئۈنۈشكە باشلايدۇ. ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ، مايسىنى ۋاقتىدا شالاڭلىتىپ، ۋاقتىدا مايسا بەلگىلەش كېرەك. گۈلچاينىڭ سۇغا بولغان تەلىپى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، 6 ـ ئايدىن كېيىن تومۇز ئىسسىقتا ۋاقتىدا سۇغىرىپ، تۇپراقنى نەم ھالەتتە ساقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. كۆپ شاخلاش مەزگىلىدە تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىغا قاراپ بىر قېتىم، گۈل ـ غۇنچە شەكىللىنىش مەزگىلىدە بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. گۈلنى يىغىۋېلىش مەزگىلىدە ئەھۋالغا قاراپ قوشۇمچە ئوغۇتلىسا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئازوتلۇق، فوسفورلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئوغۇتلىسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**4. زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** گۈلچايدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى ۋاقتىدا بايقاپ، ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. گۈلچاي بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولغاچقا، زىيانداش ھاشاراتلارنى فىزىكىلىق، بىيولوگىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىپ، گۈلچاينىڭ زىيانسىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (03)

# كۆكتات مايسىسنى كۆچۈرۈپ تىكىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئايتۇرسۇن قۇۋان
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

1. تېمپېراتۇرىغا دىققەت قىلىش كېرەك. كۆكتات مايىسىسى كۆچۈرۈپ تىكىلىدىغان تۇپراق تېمپېراتۇرىسى ۋە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى مايسىزارلىقنىڭ تۇپراق ۋە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا مايسىنىڭ ئەي بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. ئادەتتە مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن مايسىزارلىق تېمپېراتۇرىسىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىپ، مايسىنى سىرتقى مۇھىت شارائىتىغا ماسلىشالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

1. مايسا كۆچۈرگەندىن كېيىن، مايسىنى بىنورمال شارائىتنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ، تېز ئەي قىلىپ تىمەن ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

2. مايسا كۆچۈرۈش ۋاقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. پارنىك، سولياۋ كېمىرلەرگە، بولۇپمۇ ئوچۇقچىلىق يەرلەرگە مايسا كۆچۈرگەندە، مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش مەزگىلىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك. ئادەتتە ھەرقايسى جايلارنىڭ كىلىمات شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش مەزگىلى ئوخشاش بولمايدۇ. مايسىنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن كۆچۈرۈپ تىكىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

3. مايسا كۆچۈرگەندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى ئۇدۇللۇق كۆچۈرۈپ، ئۇدۇللۇق سۇغىرىش كېرەك. ئۇندىن باشقا يىغىلغەن، كاۋا تۇرىدىكى كۆكتاتلارنىڭ مايىسىسىنى تۇپراق نەملىكى مۇۋاپىق چاغدا كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك. بۇ مايسىنىڭ ئەي بولۇشىغا پايدىلىق، پارنىك، سولياۋ كېمىر ۋە ئوچۇقچىلىق يەرلەرگە كۆكتات مايىسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىپ بولۇپلا، سولياۋ يوپۇق يېپىپ، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى ساقلا نقا دىققەت قىلىش كېرەك. مايسا كۆچۈرۈلىدىغان كۈنى مايسىزارلىقنى قـ ندۇرۇپ سۇغىرىپ تۇپراق نەملىككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# كېۋەز سورتلىرىنىڭ چېكىنىپ كېتىش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ئابلەق ماخمۇت
(توقسۇن ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن)

**1. سەۋەبى:** (1) مېخانىكىلىق ئارىلىشىش: سۈپەتلىك سورت ئۇرۇقىغا غەيرىي سورت ياكى باشقا سورت ئۇرۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، يۆتكەش، ساقلاش جەريانىدىكى ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى مېخانىكىلىق ئارىلىشىش دېيىلىدۇ. مېخانىكىلىق ئارىلىشىشنى ئاساسلىقى تېرىشتىن بۇرۇن سېيالكىنى پاكىزە تازىلىماسلىق، تېرىش، يىغىۋېلىش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغاندا سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كۆپەيتىش مەشغۇلات تەرتىپى بويىچە ئەستايىدىل ئېلىپ بارماسلىق، شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن باشقا سورت ئۇرۇقلارنىڭ ئارىلىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تەكرار تېرىش، تولۇق چىرىمىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش، ئالدىنقى زىرائەت قالدۇقلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلماسلىق قاتارلىقلارمۇ مېخانىكىلىق ئارىلىشىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (2) بىيولوگىيەلىك ئارىلىشىش: كېۋەز 95% تەبىئىي چاڭلىنىشىدىغان زىرائەت بولۇپ، ئۆستۈرۈش جەريانىدا باشقا سورتلار بىلەن تەبىئىي چاڭلىنىشىپ ئارىلىشىپ چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ھادىسە بىيولوگىيەلىك

---

شۇنداق قىلغاندا مايسىنى توپىسى بىلەن قوشۇپ كۆچۈرگەندە، يىلتىزى ئاسان زەخىملەنمەيدۇ.

4. تىمەن مايسىلارنى تاللاپ كۆچۈرۈش كېرەك. چۈنكى تىمەن مايسىلار تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، كۆچۈرگەندىن كېيىن تېز ئەي بولۇپ، تىمەن ئۆسىدۇ. شۇڭا مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسىنى تەلەپ بويىچە تەييارلاش، ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش، پەرۋىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (03)

ئارىلىشىش دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئېشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھەر خىل سورتلارنى ئايرىۋېتىش يېتەرلىك بولمىغانلىق، مېخانىكىلىق ئارىلىشىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا باشقا سورت ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تازىلىۋەتمەسلىك سەۋەبىدىن تەبىئىي چاڭلىشىپ، سورتنىڭ ساپلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؛ (3) سورتنىڭ ساپ بولماسلىقى ۋە گېننىڭ تاسادىپىي ئۆزگىرىشى: چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن سورتلار ئادەتتە ئىرسىيىتى 100% تۇراقلاشقان بولمايدۇ. شۇڭا كۆپ خىل خۇسۇسىيەتلىرىدە بىردەكلىك بولسىمۇ بىر قىسىم خۇسۇسىيەتلىرىدە مۇقىم بولماسلىق ئېشلەپچىقىرىش جەريانىدا بۆلۈنۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. كېڭەيتىش جەريانىدا ساپلاشتۇرۇپ ياشارتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىسە چېكىنىش يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېشلەپچىقىرىش جەريانىدا تەبىئىي كىلىمات ۋە شارائىتقا ئاساسەن ھەر خىل گېنلار تاسادىپىي ئۆزگىرىپ، سورتنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيەتلىرىدە پايدىسىز بولغان ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورتنىڭ ئارىلىشىپ چېكىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ (4) ناتوغرا تاللاش: سۈپەتلىك ئۇرۇقنى كېڭەيتىش ۋە ساپلاشتۇرۇپ ياشارتىش جەريانىدا ئۇرۇق تاللاش نىشانى توغرا بولماي يەنى ئەسلىي سورتنىڭ ئۆلچەملىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاللاش ئېلىپ بېرىلمىسا چېكىنىش كېلىپ چىقىدۇ؛ (5) تەبىئىي تاللاشنىڭ رولى: بىر ئەلا سۈپەتلىك سورتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى مەلۇم تەبىئىي شارائىت، كىلىمات ۋە ئۆستۈرۈش شارائىتى ئاستىدا ئۇزاق مەزگىل تاللاش، يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ئەگەر ئۆستۈرۈش، پەرۋىش، سۈنئىي يېتىشتۈرۈش مۇۋاپىق بولماي تەبىئىي تاللاش ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىسە تەبىئىي تاللاشتىن چىققان خۇسۇسىيەتلەر، مەسىلەن: تالا ئۇزۇنلۇقى، تالا ئىنچىكىلىكى، تالا كۈچى، ماكرون قىممىتى قاتارلىقلار كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورتنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**2. چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** سۈپەتلىك سورتلار ئېشلەپچىقىرىشتا ئاسانلا ئارىلىشىپ چېكىنىش كۆرۈلىدۇ. سۈ-

پەتلىك ئۇرۇقنى كۆپەيتىشتە ئارىلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. چۈنكى ئارىلىشىپ چېكىنگەن سورتنى ساپلاشتۇ-رۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسكە توختايدۇ. سورتلارنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش-تا تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. (1) سوپەتلىك ئۇرۇق كۆپەيتىش تەرتىپى ۋە قائىدىسىنى قاتتىق تۇزۇپ، مېخانىكىلىق ئارىلى-شىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇ ساپلىقنى ساقلاشتىكى مۇ-ھىم تەدبىر بولۇپ، تېرىشتىن تارتىپ تاكى يىغىۋېلىپ، پىششىقلاپ ئىش-لەش، ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش، تېرىش جەريانىدا ئارىلىشىپ قالماس-لىققا كاپالەتلىك قىلىش، تەكرار تېرىلغان ئېتىزلاردا ئالدىنقى يىللىق زىرائەت قالدۇقلىرىنى ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ (2) دائىمە قويۇپ ئايرىپ بىيولوگىيەلىك ئارىلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كېۋەز ئادەتتە 95% ئەتراپىدا تەبىئىي چاڭلىشىدىغان زىرائەت بولغاچقا ئا-سانلا ئارىلاش چاڭلىنىپ قېلىش كۆرۈلىدۇ. شۇڭا سوپەتلىك ئۇرۇق ئې-تىزلىرىنى باشقا سورت ئېتىزلىرىدىن ئايرىۋېتىش كېرەك. ئايرىش ئارى-لىقى ئەڭ ئاز بولغاندا 200 ـ 300 مېتىر بولسا مۇۋاپىق، 500 مېتىر بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ؛ (3) ئۇرۇقلۇق ئېتىزلىرىدا شالغۇت، ئارىلاش تۆپلەرنى شاللاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. شاللاش ئادەتتە شۇ سورت ئۇرۇقلۇق ئېتىزىدىكى چېكىنگەن شالغۇت، ئۆزگەرگەن تۆپلەر، باشقا سورت ئۇرۇقلىرى، كېسەللەنگەن، هاشارات زىيىنى ئېغىر بولغان تۆپلەرنى شاللاش كېرەك. ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىللىرىدە يەنى مايسا مەزگىلى، چېچەكلەش مەزگىلى، غوزىلاش مەزگىللىرىدە، بولۇپمۇ چېچەكلەشتىن بۇرۇن، غوزىلاش مەزگىلىدە شۇ سورت مۇۋاپىق مورفولو-گىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە تىپىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك؛ (4) سوپەتلىك ئۇرۇقنى كۆپەيتكەندە ياخشى يەرنى تاللاپ سۇ ئو-غۇتنى ئۆز ۋاقتىدا يېتەرلىك بېرىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ياخشى شارائىتتا ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇنداق شارائىتتا ئۆستۈرگەندە ئۇرۇقنىڭ پىشىش نىسبىتى يۇقىرىلاپ، ئۇرۇقنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشىدۇ. (03)

# كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

دىلبەر نامەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

كېۋەز بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەندە، ئاساسىي غولدىكى ئۆسۈش نۇق- تىسىنىڭ ئۆسۈشى تېزلىشىپ، بوغۇم ئارىلىقى تېز ئۇزىراپ، تۈپى تېز ئېگىزلەپ ئۆسىدۇ. كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىش ھادىسىسى غۇنچىلاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپ كۆرۈلىدۇ. بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشنى نامۇۋا- پىق ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، ئۆسۈشنى خىمىيەلىك ۋە فىزىكىلىق تەڭشەش ئۇنۇمىنى يوقىتىش قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى: كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئىلمىي دىياگنوز قويۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈش مەزگىلىدىكى ھالەت ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئوغۇتلاش، سۇغىرىش قاتارلىق پەرۋىش قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، پەرۋىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئۆسۈشنى خىمىيەلىك تەڭ- شىگۈچى دورىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، تۈپ ئېگىزلىكنى ۋاقتىدا تىز- گىنلەپ ۋە سۇغارغاندىن كېيىن ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىش كېرەك. مايسا مەزگىلىدە سولياۋ يوپۇقنى ئېلىۋېتىش، ئۇچىنى ئۈزۈش قاتارلىق فىزىكىلىق تەڭشەش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈپىنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، مۇۋاپىق مايسا ئولتۇرغۇزۇش، كېۋەزنىڭ تۈنجى سۇيىنى قويۇش ۋاقتىنى مۇۋاپىق كې- چىكتۈرۈش، ئۆسۈپ يېتىلىشنى خىمىيەلىك تەڭشەش، چوڭقۇر كول- تىۋاتسىيە قىلىش، سولياۋ يوپۇقنى بالدۇر ئېلىۋېتىش، ئۇچىنى پاكىز ئۈزۈش، ھارام شاخلىرىنى ۋاقتىدا پۇتاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۆستۈرۈش زىچلىقىنى مۇۋاپىق قىلىپ، يو- رۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، تىمەن ئۆسۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قى- لىش كېرەك. (03)

# كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

شەرۋانگۈل تۇرسۇنجان

(بورتالا شەھىرى ئۇتۇبۇلاق بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى:** (1) يېسىسىۋېلەك بىلەن قىچا ئۇرۇقى: بۇ ئۇرۇقلار ئاساسەن ئوخشاش، قارا رەڭلىك كېلىدۇ. بىراق يېسىسىۋېلەك ئۇرۇقى ۋە قىچا ئۇرۇقىنى تېتىپ كۆرسە قىچا ئۇرۇقى ئاچچىق، يېسىسىۋېلەك ئۇرۇقى ئاچچىق تېتىمايدۇ؛ (2) غول پىياز، باش پىياز، كۇدە ئۇرۇقلىرى: غول پىياز ئۇرۇقىنىڭ ئۇچى قىرلىق، بۇغداي دېنى شەكلىدە بولۇپ، رەڭگى قارا پارقىراق كېلىدۇ؛ (3) تۇرۇپ ئۇرۇقى: چوڭ، قىزىل تۇرۇپ ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى ئاق تۇرۇپ ئۇرۇقىنىڭ رەڭگىدىن سەل قېنىق كېلىدۇ؛ (4) تىكەنلىك تەرخەمەك بىلەن كۆزلۈك تەرخەمەك ئۇرۇقى: ئادەتتە بۇ ئىككى خىل تەرخەمەكنىڭ تېرىلىش مەزگىلى ئوخشاش بولمايدۇ. تىكەنلىك تەرخەمەكنىڭ ئۇرۇقى چوڭراق بولۇپ، بىر ئۇچى كەڭ بىر ئۇچى تار بولىدۇ. كۆزلۈك تەرخەمەكنىڭ ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئىككى بېشىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

**2. ئۇنۇملۈك ئىشلىتىش مۇددىتى:** (1) يېسىسىۋېلەك ئۇرۇقى: ئادەتتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ساقلاشقا بولمايدۇ، شۇ يىلى يىغىۋالغان ئۇرۇقنى شۇ يىلى تېرىسا بولىدۇ. ساقلاش ۋاقتى ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتكەن ئۇرۇقنى تېرىسا ئۇنۇش نىسبىتى 20% ـ 30% تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ھەمدە كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؛ (2) كۇدە ئۇرۇقى: چوقۇم شۇ يىلقى يېڭى ئۇرۇقنى تېرىش كېرەك. ئەگەر يىل ئاتلىغان ئۇرۇق تېرىلسا مايسا ئاسان ئۇنمەيدۇ، قىسمەنلىرى ئۇنگەن تەقدىردىمۇ ئىنتايىن تېزلىكتە قورۇلۇپ قورۇيدۇ. كۇدە ئۇرۇقىنى 0℃ دىن تۆۋەن شارائىتتا ساقلىغاندا ئىككىنچى يىلى يەنىلا ئۇرۇق قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ (3) تەرخەمەك ئۇرۇقى: ساقلاش ۋاقتى ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىـ

# سەبدەگۈلنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى

**ئايشەمگۈل ئابلىز**
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. يەرگە ئىشلەش:** سەبدەگۈل مايسىسىنى يېتىشتۈرىدىغان پارنىكنى ياخشى تاللاش كېرەك، پارنىكنىڭ ئىچىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، پارنىك ئىچىنى كاندۇكچىلارغا ئايرىپ، قىر سېلىش، كاندۇكچىلارغا مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسىنى تەكشى يېيىتىپ قاندۇرۇپ ئۇسا قىلىش كېرەك. مايسا كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن سۇغىرىش شارائىتى ياخشى بولغان يەرنى تاللاپ، ھەر مو يەرگە 3 ـ 4 مىڭ كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 20 ـ 40 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) نى تەكشى چېچىپ چوڭقۇر ئاغدۇرۇش كېرەك.

**2. تېرىش:** ئۇرۇقنى قۇرلاپ تېرىشقىمۇ ياكى چېچىپ تېرىشقىمۇ بولىدۇ. قۇرلاپ تېرىغاندا ئاۋۋال بارنا ئارقىلىق ئېرىقچە تارتىۋېلىپ ئۇرۇق سېلىنىدۇ، ئۈستىگە 0.8 ـ 1 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسى يېيىتىپ، ئۈستىگە توپا نەملەشكۈدەك سۇ چېچىپ بولغاندىن كېيىن سولياۋ يوپۇق يېپىش لازىم. 80% ئەتراپىدا مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن

كى كېرەك. ساقلاش ۋاقتى ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتسە ئۈنۈش نىسبىتى 30% ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. مايسا ئۈنگەن تەقدىردىمۇ پەللە يوپۇرماق چىقىرىپلا، ھەقىقىي يوپۇرماق چىقىرالمايدۇ؛ (4) غول پىياز ئۇرۇقى: ئەگەر ئالدىنقى يىلدىكى ئۇرۇقنى تېرىسا مايسا ئۈنگەن تەقدىردىمۇ بويىغا زورلاپ ئۇرۇق تۇتۇپ كېتىدۇ؛ (5) شوخلا ئۇرۇقى: شوخلا ئۇرۇقىنى ئادەتتە تۆت يىل ساقلاشقا بولىدۇ، يېڭى شوخلا ئۇرۇقىدا ئىنتايىن ئۇششاق تۈكچىلىرى بولىدۇ ھەمدە سۇس شوخلا پۇرىقى بولىدۇ؛ (6) مۇچ ئۇرۇقى: ئۇرۇقنىڭ ساقلاش ۋاقتى ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. يېڭى مۇچ ئۇرۇقى ئالتۇن رەڭدە، كونا مۇچ ئۇرۇقى سېرىق بولىدۇ، مېغىز رەڭگە ئۆزگەرگەن بولسا تېرىشقا بولمايدۇ. (03)

كېيىن ئۇستىدىكى سولياۋ يوپۇق ئېلىۋېتىلىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ ھەر كۈنى 1 ـ 2 قېتىم سۇ چېچىپ نەملىكنى ساقلاش كېرەك. لېكىن نەملىكى ئېـ. شىپ كەتسە يىلتىز چىرىش كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. مايسا تۆت تال يو ـ پۇرماق چىقارغاندا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)، پىنشىباۋ (喷施宝) پۈركۈش كېرەك. مايسا كۆچۈرۈشتىن 10 كۈن ئاۋۋال مايسا چېنىقتۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا ھەر كۈنى پارنىكتىكى سولياۋ يوپۇقنى ئېچىپ، مايسىنى سىرتقى شارائىتقا ماسلاشتۇرۇش، پار ـ نىك سولياۋسىنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىپ، 3 ـ 4 كۈندىن كېيىن ئېتىزغا كۆچۈرۈش كېرەك.

**3. كۆچۈرۈپ تىكىش:** ئادەتتە 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگە ـ چە كۆچۈرۈپ تىكسە بولىدۇ. كۆچۈرۈش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىل ئۇسۇل چۆنەك تارتىپ قىرغا كۆچۈرۈش، ئىككىنچى خىلى ئۇ ـ سۇل ئېرىقچە تارتىپ سولياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت. مايسا كۆ ـ چۈرگەن كۈنى دەل ۋاقتىدا سۇ قويۇش كېرەك. سۇيى سىڭىپ ئۇسسى كېلىش ـ كەندىن كېيىن كولتىۋاتسىيە قىلىش بىلەن بىرگە مايسا تۈۋىگە توپا يۆلەپ چۆنەك تارتىش كېرەك. بۇ ئۇسۇل سەبدە گۈل يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەق ـ قىي قىلىشىغا ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق. بۇ خىزمەتنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئىشلىگەندە مايسىلارنىڭ تىمەن، تېز ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

سەبدەگۈل بىرىنچى قېتىم ئېچىلغان گۈلىنى چوقۇم ۋاقتىدا ئۈزۈۋې ـ تىش كېرەك. چۈنكى سەبدەگۈل كۆپ شاخلىنىدىغان زىرائەت بولۇپ، ھەر قېتىملىق گۈلىنى ۋاقتىدا ئۈزۈپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا سەبدە ـ گۈلنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ھەر قېتىملىق گۈلنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم ھەر مو يەرگە 20 كىلوگرام ئام ـ مونىي فوسفات (磷酸铵) ئوغۇتنى چۆنەككە چېچىپ قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك، بۇ ئۇسۇلنى 10 ـ ئايغىچە داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. (03)

# بوغداينى فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

روشەنگۇل لېتىپ
(بۈگۈر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)
ئەبەي ئوسمان
(بۈگۈر ناھىيە يېڭىسار بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

بوغداينىڭ فوسفورلۇق ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلىسا فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، بوغدايدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ. ئوغۇتلاشتا تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ تەركىبىگە قاراش لازىم. تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى 1.5% تىن تۆۋەن بولغاندا فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىسا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى 2% ـ 2.5% بولغان تۇپراقنى فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا، فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. شۇڭا فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئورگانىك ماددا مىقدارى تۆۋەن بولغان تۇپراققا ئىشلەتسە ئۈنۈمى بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

2. تۇپراق ئەھۋالىغا ئاساسەن فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ تۈرىنى بەلگىلەش لازىم. نېيترال ۋە ھاك ماددىلىق، ئىشقارلىق تۇپراقلارنى سۇدا ئېرىشچان كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك، كالتسىي سۇپېر فوسفات ئاجىز كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، تۇپراقنىڭ ئىشقارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ؛ كىسلاتالىق تۇپراقلارنى ئاجىز ئىشقارلىق كالتسىي، ماگنىي فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىسا بولىدۇ. كىسلاتالىق تۇپراقنى ئىشقارلىق فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا، ئوغۇت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، تۇپراقنىڭ كىسلاتالىقىنى نېيتراللاشتۇرۇپ، كىسلاتانىڭ بوغداي يىلتىزىنى زەخىملەندۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. تۇپراق تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ مىقدارىغا قاراش لازىم. فوسفورلۇق ئوغۇت ئادەتتە فوسفور كەم بولغان ۋە ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن

تۇپراقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. تېرىلغۇ قاتلىمىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ مىقدارى 10ppm–5ppm دىن تۆۋەن بولغان تۇپراقتا ئىشلىتىلسە فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ؛ ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ مىقدارى 20ppm ئەتراپىدا بولغان تۇپراقتا ئىشلىتىلسە فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ بەلگىلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش رولى بولىدۇ؛ ئۈنۈملۈك فوسفورلۇق مىقدارى 30ppm دىن يۇقىرى بولغان تۇپراقتا ئىشلىتىلسە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. شۇڭا فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئۈنۈملۈك فوسفورنىڭ مىقدارى 15ppm دىن تۆۋەن بولغان تۇپراقلاردا، بولۇپمۇ 10ppm دىن تۆۋەن بولغان بۇغداي ئېتىزلىرىدا تەكرار ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

4. ئازوتلۇق، كالىيلىق، سىنكلىق ئوغۇتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. بۇغداينىڭ ئازوت، فوسفور، كالىي، سىنك قاتارلىق ئېلېمېنتلارغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئىشلىتىش بىلەن بىگە ئازوتلۇق، كالىيلىق ۋە سىنكلىق ئوغۇتلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەتكەندە، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى تولۇقلاپلا قالماي، فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى 20% ـ 30% گىچە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

5. فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئورگانىك ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش كېرەك. كۈزگى بۇغداينى فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇتنى 1:10 بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلىغاندا، فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن تۇپراقنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىنى ئازايتىپلا قالماستىن، ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدىكى كىسلاتالىق ماددىلار فوسفورلۇق ئوغۇت ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ياردىمى بولىدۇ، بۇ فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

6. فوسفورلۇق ئوغۇتنى قەۋەتلەرگە بۆلۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى ئاجىز بولىدۇ. بۇغداينىڭ كۆپلىگەن يان

يىلتىزلىرى قىشتىن بۇرۇن تۇپراقنىڭ 10 سانتىمېتىر دائىرىسىگە تارقىلىدۇ. شۇڭا فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ 1/3~1/4 نى 5 ـ 10 سانتىمېتىر قىيلىنلىقتىكى تۇپراق قاتلىمىغا بەرسە مۇۋاپىق بولىدۇ؛ 2/3~1/2 قىسىم فوسفورلۇق ئوغۇتنى 15 ـ 25 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى تۇپراق قاتلىمىغا بەرسە مۇۋاپىق بولىدۇ. تېرىشتىن ئىلگىرى چۆنەكلەپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەرنىڭ ھەيدەلمە قەۋىتىنى ئوغۇتلاش ياكى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش، يەر يۈزىگە چېچىپ ئوغۇتلاشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

7. مەركەزلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. فوسفورلۇق ئوغۇتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوغۇتلىغاندا، فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن تۇپراقنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىش يۈزىنى كىچىكلىتىپ، فوسفورنىڭ تۇپراقتا تۇرغۇن ھالەتتە بولۇشىنى ئازايتىپ، ئوغۇت ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. فوسفورلۇق ئوغۇتنى مەركەزلەشتۈرۈپ چۆنەكلەپ ئوغۇتلاش چېچىپ ئوغۇتلاشقا قارىغاندا ئوغۇت ئۈنۈمىنى 28% يۇقىرى كۆتىرىپ، بۇغداي مەھسۇلاتىنى 12% ئاشۇرىدۇ.

8. فوسفورلۇق ئوغۇتنى يىلتىز سىرتىدىن پۈركۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. بۇغداي ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلىدە ياكى فوسفورلۇق ئوغۇت كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاز مىقداردىكى كالتسىي سۇپېر فوسفات ئوغۇتىنى ئېرىتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇغداينىڭ مايسا مەزگىلى، غول تارتىش مەزگىلى ۋە سۈتلىنىش مەزگىلىدە 1 ـ 2 قېتىم چېچىش لازىم. يەنى ھەر موسىغا ھەر قېتىمدا كالتسىي سۇپېر فوسفات ئوغۇتىدىن 1 ـ 1.5 كىلوگىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ، ئوغۇتنى ئېزىپ تالقان قىلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا بىر كېچە چىلاپ، ئېرىتمىنى سۈزۈپ، 50 ـ 60 كىلوگىرامغىچە سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش لازىم. ئەگەر 0.5 ـ 1 كىلوگىرامغىچە ئورىيا بىلەن ئوت ـ چۆپ كۈلى ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ چاچسا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. (05)

# كالىيلىق ئوغۇتنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى رولى

نۇرنىسا تۇراپ
(توقسۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

كالىي ــ زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئۈچ مۇھىم ئېلېمېنتنىڭ بىرى بولۇپ، ئازوت، فوسفورغا ئوخشىمايدىغان يېرى، كالىي زىرائەتلەر تېنىدە ئىيون ھالەتتە ساقلىنىدۇ. يۇقىرى دەرىجىدە سىڭىشچانلىقى، ھەرىكەتچانلىقى ۋە قايتا پايدىلىنىشچانلىقى ئىگە. كالىي ئۆسۈملۈك تېنىدىكى 60 نەچچە خىل ئېنزىمنى ئاكتىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. كالىيلىق ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك تەمىنلىگەندە يوپۇرماقنىڭ بىرلىك ھەجىمدىكى ھاۋا تۆشۈكچىلىرىنىڭ سانى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىنى تەڭشەپ، كاربون تۆت ئوكسىد بىلەن يوپۇرماق توقۇلمىلىرىدىكى ئوكسىگېننىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەم زىرائەتلەر تېنىدىكى ئۆتكۈزگۈچى نەيچىلەر ۋە غەلۋىرسىمان نەيچىلەرنىڭ توشۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ، كالىي ئېلېمېنتى كۆپىنچە «سۈپەت ئېلېمېنتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ: (1) ئۇ زىرائەتلەرنىڭ ئازوتتىن پايدىلىنىشىنى تېزلىتىپ تەركىبىدىكى ئاقسىل مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ؛ (2) مېغىز، ئۇرۇق، مېۋە ۋە تۇگۈنەك يىلتىزلارنى يوغانتىدۇ، شەكلى، رەڭگىنى كۆركەملەشتۈرىدۇ؛ (3) مايلىقدان زىرائەتلىرىدىكى ماي مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دان تەركىبىدىكى ۋىتامىن C نىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ؛ (4) مېۋە، كۆكتات ۋە باشقا زىرائەتلەرنىڭ پىشىشى بالدۇر، تەكشى بولىدۇ؛ (5) مەھسۇلاتلارنىڭ زەخىملىنىشى ۋە تەبىئىي سېسىشىغا تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ؛ (6) كېۋەز، كەندىر تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ تالا ماددىسىنىڭ چىدامچانلىقىنى، ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە بولۇشىنى ۋە رەڭگىنىڭ ساپ بولۇشىنى تېزلىتىدۇ. (05)

# زىرائەتلەرنى ئوغۇتلاشنىڭ مۇۋاپىق مەزگىلى ۋە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

ئاسىيەم سايىت
(توقسۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

ئادەتتە زىرائەت ئۆسۈشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يىلتىز تەرەققىياتى ئاجىز بولغاچقا سۇمۇرۇلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاز، سۇمۇرۇشچانلىقى ئاجىز بولىدۇ. باراقسان ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە يىلتىز تەرەققىياتى تېزلىشىپ، ئوزۇقلۇق سۇمۇرۇشى كۈچىيىپ، سۇمۇرۇشچانلىقى يۇقىرىلايدۇ. پىشىش مەزگىلىدە يىلتىزنىڭ تەرەققىياتى ئاجىزلىشىپ، ئوزۇقلۇق سۇمۇرۇشى بارا ـ بارا ئازلاپ، ئوزۇقلۇقنىڭ كۆپ قىسمى مېۋىلەش ئورگانلىرىغا سەرپ قىلىنىدۇ.

ئوغۇتلاشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ــ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ يۇقىرى، سۇمۇرۇش سۈرئىتى تېز بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. زىرائەت ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئوزۇقلۇققا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدۇ، يەنى بۇ مەزگىلدە زىرائەتلەر باراقسان ئۆسۈپ، ئوزۇقلۇق سۇمۇرۇش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك، ئۆسۈشى ئىنتايىن تېز بولىدۇ. شۇڭا مۇشۇ مەزگىلدە زىرائەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، مۇۋاپىق ئوغۇتلىغاندا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: كۆزگى بۇغداي بوغۇم تارتىشتىن باشاق چىقارغىچە (4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە) ئازوتلۇق ئوغۇتقا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك. قوناققا نىسبەتەن ئازوت ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان مەزگىل كانايچە يوپۇرماق شەكىللەنگەندىن تارتىپ، پۆپەك چىقىرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە (7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە) ئىشلەتسە بولىدۇ. كېۋەز چېچەكلەپ دەسلەپكى غوزىلاش مەزگىلىدە (6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە) ئازوتلۇق ئوغۇتقا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

دېمەك، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا زىرائەتنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىغا، ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدىكى فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ھەم تېرىلغۇ يېرىنىڭ مۇنبەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئاساسىي ئوغۇت، قوشۇمچە ئوغۇت ۋە ئۇرۇق ئوغۇتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئوغۇتلىغاندا، زىرائەتنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ كىرىمنى كۆپەيتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (05)

# ئورىيانىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش ئۇسۇلى

ئەمەتجان ئەخەت
(قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)
چىمەنگۈل ساقاجىيوف
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

1. تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىغا ئاساسەن، ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئورىيا (尿素) نىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش كېرەك. مۇنبەت تۇپراق بولسا ھەر مونى 20 كىلوگىرام، ئۈنۈمدارلىقى ئوتتۇراھال تۇپراق بولسا ھەر مونى 25 كىلوگىرام، ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراق بولسا ھەر مونى 28 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

2. چوڭقۇر كۆمۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. ئورىيانى تۇپراق يۈزىگە چېچىپ بەرسە، 4 ـ 5 كۈندىن كېيىن، كۆپ قىسىم ئازوت ئېلېمېنتى پارلىنىپ، ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، ئۆسۈملۈكنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئاران 30% ئەتراپىدا بولىدۇ. بولۇپمۇ ھاكلىق ۋە شورلۇق تۇپراق يۈزىدە ئازوتنىڭ پارلىنىپ ئىسراپ بولۇشى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا ئورىيانى 10 سانتىمېتىردىن چوڭقۇر ئېرىقچە ئېچىپ ياكى ئورەك كولاپ كۆمۈپ بېرىش كېرەك.

3. زىرائەت بىلەن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئوغۇتلاش كېرەك. ئورىيانىڭ ئازوت تەركىبى ۋە ئوزۇقلۇق قويۇقلۇقى يۇقىرى بولغاچقا، ئاسان نەملىشىدۇ. شۇڭا ئوغۇتلىغاندا ئورىيانى زىرائەت يىلتىز سىستېمىسىغا يېقىن بەرمەسلىك، بولۇپمۇ مەركىزىي يوپۇرمىقىغا، ئۆسۈش نۇقتىسىغا چۈشۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. بولمىسا مايسىسىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئورىيانى زىرائەت بىلەن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاپ بولۇپلا سۇغارماسلىق كېرەك. ئورىيا تولۇق پارچىلىنىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆسۈملۈك تۇپراقتىن قوبۇل قىلالمايدۇ. ئوغۇتلاپ بولۇپلا سۇغارسا ئورىيا كۆپ ئېقىپ يوقىلىدۇ. شۇڭا ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاپ 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن، بىر قېتىم يېنىك سۇغىرىش كېرەك. (05)

# چىلان دەرىخىنى ئەتىيازلىق چاتاش ئۇسۇلى

ئايشەمگۈل ئابدۇگۈل
(قۇمۇل ۋىلايەتلىك باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

چىلان بىخلانغاندىن تارتىپ چېچەكلىگەنگە قەدەر (4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) شاخلارنىڭ بولۇك گىرادۇسىنى چوڭايتىش، بىخ سېرىش، ئۈچىنى ئۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

1. بولۇك گىرادۇسىنى چوڭايتىش: تۈز شاخ، يېڭى شاخ، گىرەلەشكەن شاخ، قايتىلانما شاخلارنى كېرىش، تارتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، شاخنىڭ بولۇك گىرادۇسىنى مۇۋاپىق چوڭايتىش لازىم. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا دىيامېتىرى 3 ـ 4 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن يۇقىرى بولغان تۈز شاخلارنىڭ مەھسۇلاتى 1.5 مىڭ گىرام بولىدىكەن. بولۇك گىرادۇسىنى 60 ـ 70 گىرادۇس قىلغاندا مەھسۇلاتى بەش مىڭ گىرام ئەتراپىدا بولىدىكەن. بولۇك گىرادۇسىنى چوڭايتقاندا شاخلارنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن، ئېگىلىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

2. چوقۇش: بىخنىڭ ئۈستى ياكى شاخنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئاي شەكىللىك بىخنى چوقۇش كېرەك. (ئەڭ كەڭ يېرى 0.3 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك) بىخنىڭ ئۈچىنى چوقۇش ئاساسىي بىخنىڭ بىخلىنىپ چىقىشىنى تېزلىتىدۇ. شاخنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى چوقۇش دەرەخ شەكلىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، شاخنىڭ بەك ئۈزىراپ كېتىشىنى كونترول قىلىپ، يېتىلگەن شاخلارنىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. بىخنى سېرىش: چىلان دەرىخىنى بىخلانغاندىن كېيىن، يېڭى بىخ ئۆسۈپ 5 ـ 10 سانتىمېتىر بولغاندا ئاساسىي شاخنىڭ ئۈستىدىكى بىخلارنى ۋاقتىدا سېيرىۋېتىپ، ئوزۇقلۇقلارنى تېجەش، مېۋە بېرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ.

4. ئۈچىنى ئۈزۈش: ئاساسلىق ئىككىنچى قېتىملىق شاخنىڭ ئانا شېخىدىن بىخلىنىپ چىققان يۇمران شاخلىرى ئۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۇمران شاخلارنى ئىككىلەمچى شاخ بىلەن بىرلىكتە كېسىۋەتسە ياكى ئۈزۈۋەتسە مېۋە بېرىشكە تەسىر يېتىدۇ. مەسىلەن: ئانا شاختىن كېسىۋەتسە، ئىككىنچى يىلى ئانا شاختىن قايتا شاخ بىخلانمايدۇ ھەمدە ئىككىلەمچى ئانا شاختىن ئۆسكۈچى شاخنىڭ بىخلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ. (03)

# ئۆرمان ياڭىقى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

سۇلتان زاكىر
(چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)
ئۆمەرجان رەخمەتجان
(ئىلى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن)

ئورمان ياڭىقى قىيىن ئائىلىسى ئورمان ياڭىقى ئۇرۇقدىشىغا تەۋە دەرەخ بولۇپ، دۇنيادىكى تۆت چوڭ قاتتىق پوستلۇق مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سوغۇققا چىدامىلىق بولۇپ، بالدۇر مېۋە بېرىش، مېۋىسى چوڭ ھەم مېغىز چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئورمان ياڭىقىنىڭ مېغىزىدا ئوزۇقلۇقى مول، تەمى ياخشى، ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك بولغان مىكرو ئېلېمېنتلار مول بولغاچقا، خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان قۇرۇق مېۋە بولۇپ قالدى. ئورمان ياڭىقىنى ئۆستۈرۈش باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە قارارغاندا تۇپراق ۋە يەر شەكلىگە بولغان تەلىپى بەكمۇ يۇقىرى ئەمەس، ئادەتتە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**1. يەر تاللاش:** ئورمان ياڭىقى يورۇقپەرەس دەرەخ، شۇڭا كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن، تۇپراق pH قىممىتى 7 ـ 8 بولغان، سۇ چىقىرىۋېتىشى ياخشى بولغان يەرلەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈش بىرقەدەر مۇۋاپىق.

**2. تىكىش ۋە پەرۋىش قىلىش:** ئورمان ياڭىقى رايونىمىزدا 5 ـ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرىدا تىكىلىدۇ. تىكىشتىن بۇرۇن كۆچەتنى 24 سائەت سۇغا چىلاپ يىلتىزىنى سۇغا تويۇندۇرۇپ ئاندىن ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن تۈپ ئارىلىقى 2 ـ 3 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقىنى 3 ـ 5 مېتىر قىلىپ تىكىش كېرەك. كۆچەت تىككەن بىرىنچى يىلى سۇ ۋە ئوغۇتلاش قاتارلىق پەرۋىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. كۈزدە يوپۇرماق تاشلىغاندىن كېيىن، كۆچەت تۈۋىگە توپا يۆلەپ كۆچەتنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشكە شارائىت ھازىرلاش لازىم. ئىككىنچى يىلى باھاردا تۈۋىنى ئېچىۋېتىش ھەم شۇ يىلدىن باشلاپ توپا يۆلەش كېرەك.

**3. ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش:** كۆزدە يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش بىلەن بىرگە ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، فوسفورلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتلارنىمۇ ماسلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئورمان ياڭىقىنىڭ سۇغا بولغان تەلپى بەك چوڭ ئەمەس، يىلدا 4 ـ 5 قېتىم سۇغارسا بولىدۇ. 6 ـ 7 ـ ئاي مېۋىنىڭ تېز يوغىناش مەزگىلى بولۇپ، سۇنى ۋاقتىدا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**4. چاتاش:** ئورمان ياڭىقىنى چاتىغاندا كۈن نۇرىنىڭ چۈشىشىنى ۋە ھاۋا ئۆتۈشچانلىقىنى ياخشىلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش كېرەك. كۈن نۇرى ياخشى چۈشۈپ، ھاۋا ئۆتۈشۈش ياخشى بولسا فوتوسىنتېز رولى كۈچىيىپ، كۆچەتنىڭ ساغلام، تېز ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ھەم كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە 8 ـ 12 تال شاخ قالدۇرۇپ چاتىلىدۇ. قىشلىق چاتاشتا ئاساسلىق قۇرىغان، ئاجىز، كېسەللەنگەن شاخلارنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**5. كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** ئورمان ياڭىقىنىڭ ئاساسلىق كېسەللىكى ئاق توزان كېسىلى بولۇپ، بۇ كېسەللىك ئاساسەن يوپۇرماق ۋە غولدا بولىدۇ. ئادەتتە ھاۋا ئۆتۈشۈش ياخشى بولمىغان، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ناچار، سۇ يىغىلىپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىر باغلاردا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا باغنىڭ كۈن نۇرى ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش بىلەن فوسفورلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتلارنى بېرىپ كۆچەتنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى ئامال بار ئاز ئىشلىتىش كېرەك. دورا بىلەن ئالدىنى ئېلىشتا كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەنى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا 20% تىرىئادىمفون（粉锈宁）نىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 50% لىك باۋىستىن（多菌灵）، 70% لىك مېتىل توپسىن（甲基托布津）نىڭ 100 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش كېرەك. (03)

# ياڭاقنىڭ ئۈششۈكتىن كېيىنكى زىياننى ئازايتىش تەدبىرلىرى

ھۆسەنجان غوجىئابلا
(ئاقسۇ شەھىرى توپلۇق يېزا يېزا ئىگىلىك ئونمۈبىرسال مۇلازىمەت پونكىتىدىن)
ياقۇپ ئىمىر
(باي ناھىيە يېزا ئىگىلىك ئىنبرگىيە مۇھىت كۆزىتىش پونكىتىدىن)

ياڭاق تۆۋەن تېمپېراتۇرنىڭ ئۈششۈككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاساسلىق ئىپادىسى دەرەخ غولى بويىغا يېرىلىپ، شاخ ـ نوتىلار سۇسىزلىنىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. ئاپەتنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ گۈل، يوپۇرماق، بىخ قۇرۇپ تۆكۈلۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

**1. ئۈششۈك ئالامەتلىرى:** يەڭگىل ئۈششۈگەندە كۈزلۈك نوتىلار قىسمەن ئۈششۈپ، سۇسىزلىنىپ قۇرۇيدۇ. شۇ يىللىق مەھسۇلاتقا تەسىر يەتمەيدۇ. يېنىك ئۈششۈگەندە بىر يىللىق شاخلار ۋە بىر ئىككى يىللىق شاخنىڭ ئۈلغان قىسمى ئۈششۈپ، سۇسىزلىنىپ قۇرۇيدۇ. شۇ يىلى دەرەخ شەكلى ئۆزلىكىدىن ئەسلىگە كەلسىمۇ، بىراق مەھسۇلاتى بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرھال ئۈششۈگەندە بىر يىللىق كۆچەتلەر ۋە ئۇلانغان 1~2 يىللىق شاخلار ئۈششۈيدۇ، گۈل، يوپۇرماق، بىخى ئۈششۈپ، سۇسىزلىنىپ قۇرۇيدۇ، يوپۇرماق تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. قوۋزاق قەۋىتى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، يىلىم ئېقىپ، كۆپ يىللىق يوشۇرۇن بىخلارمۇ ئۈششۈپ ئۆلىدۇ، شۇ يىللىق مەھسۇلاتى 90% كېمىيىدۇ. ئېغىر ئۈششۈگەندە ئاساسىي غول ئۈششۈگەندىن كېيىن بويىغا يېرىلىپ، قىسمەن ئاساسىي شاخلار ھەم كۆپ يىللىق چوڭ شاخلار ئۈششۈپ ئۆلىدۇ، شۇ يىلى مەھسۇلات بەرمەيدۇ. 1 ـ 3 يىللىق كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز بوغۇز قىسمى، ھاسىللىغۇچى قەۋىتى ئۈششۈگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ھالقىسمان قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك داغلىرى پەيدا بولۇپ، قوۋزاق قەۋىتى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ چىرىيدۇ، قار يېلىم ئاقىدۇ، يەر ئۈستى تولۇق ئۆلىدۇ.

**2. ئاپەتنى ئازايتىش تەدبىرلىرى:** (1) دەرەخ غولىنى ئاسراش: ئوتتۇرھال ۋە ئېغىر ئۈششۈگەن دەرەخلەرنىڭ دەرھال غولىنى ئاقارتىش، قار

ياققاندىن كېيىن دەرەخ غولى ئەتراپىغا يىغىلىپ قالغان قارنى تازىلاش، يەر تېمپېراتۇرىسى كۆتۈرۈلۈپ توك ئېرىگەندىن كېيىن تۆت يىللىقتىن تۆۋەن كۆچەتلەرنىڭ غولىنى مەركەز قىلىپ، 1.2 كىۋادىرات مېتىر كەڭلىكتە سولياۋ يوپۇق يېپىش؛ (2) ئوغۇتلاپ سۇغىرىش: تۇپراق توڭى ئېرىگەندىن باشلاپ بىخلانغىچە دەرھال بىر قېتىم ئوغۇتلاپ سۇغىرىش، ئوغۇتلىغاندا ھالىتقسىمان ئېرىق ئېچىپ، چوڭ دەرەخلەرگە 50 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 0.2 كىلوگىرام ئەتراپىدا ئورىيا بېرىش، كۆچەتلەرگە 0.2 ـ 0.5 كىلوگىرام ئورىيا بىرىپ دەرھال سۇغىرىپ، يوپۇرماققا %0.1ـ %0.3 لىك ئورىيا ۋە كالىي ھىدرو فوسفات پۈركۈش، تۇپراق توڭى ئېرىگەندىن كېيىن دەرەخ چۆرىسىنىڭ تۇپىسىنى بالدۇر يۇمشىتىش، شارائىتى بار جايلار باغ ـ ئورمان يېرىنى ئومۇميۈزلۈك كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئاغدۇرۇش كېرەك؛ (3) مۇۋاپىق ۋاقىتتا چاتاش: يېنىك ئۈششۈگەن دەرەخلەرنى بىخلىنىشتىن تاكى يوپۇرماق يېيىلغىچە قەدەر ئۈششۈگەن شاخ ـ نوتىلىرىنى كېسىپ تازىلاش، مۇۋاپىق ۋاقىتتا مۇۋاپىق چاتاش، شاخنىڭ قۇرغان قىسمىنى كېسىپ چىقىرىۋېتىش، كەسكەن ئورۇنغا ھاك گۈڭگۈرت بىرىكمىسى ياكى 50% لىك مېتىل توپسىن نەملىشىشچان پاراشوكى سۇرۇش كېرەك. 5 ـ ئاينىڭ باش ـ ئوتتۇرىلىرى چاتىغان شاخنىڭ ئۈستىدىكى نوتىلارنى سۇنىشى ئۇسۇلدا تاللاپ قالدۇرۇش، تايانچ شاخلار ۋە مېۋە شاخ گورۇپپىسىنى تاللاپ، دومبە شاخلىرىنى، تىك شاخلارنى گىرەلىشىپ كەتكەن شاخلارنى كېسىپ، دەرەخنىڭ شەكىل ھالىتىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ـ ئاخىرلىرى يەر ئۈستى قىسمى تولۇق ئۆلگەن ئۆلاقسىز كۆچەتلەر ۋە ئۆلاق ئورنى ئۈششۈگەن دەرەخلەرگە قارىتا شاخ، غول ئۈستىدىن بىخلىنىپ چىققان يېڭى نوتىلارنى تاللاپ قالدۇرۇش كېرەك. يېڭى كۆچەت غولى ۋە ئۆلايدىغان نوتا تاللاپ تەربىيەلىنىدۇ، باشقا يېڭى چىققان ئارتۇق نوتىلار كېسىپ ئېلىۋېتىلىپ، يازلىق ئۆلاق ئېلىپ بېرىلىدۇ. (05)

# مۇچ ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

نىساگۈل زىياۋدۇن    ھېمىت مىجىت
(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

مۇچ (لازا) ۋىرۇس كېسىلى مۇچ مەھسۇلاتقا بولغان تەسىرى بىرقەدەر زور كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، زىيان سېلىشى يېنىك بولغاندا مەھسۇلاتى 50% ـ 60% كېمىيىپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا ھېچقانداق ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ.

**1. زىيان سېلىش ئالامەتلىرى:** ئاساسلىقى تۆت خىل بولۇپ، ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. (1) نابۇت بولۇش تىپى: دەسلەپكى غۇزىچىلاش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ. كېسەللەنگەن يۇمران ئۇچى، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۆكۈلىدۇ، ئېغىر بولغاندا مۇچ تۈپى قۇرۇق شاخ بولۇپ قالىدۇ بەزىدە قول بىلەن يېنىك مىدىرلىتىپ قويسا يوپۇرماق، چېچەك، مېۋىلىرى تۆكۈلىدۇ، ئۇچ بىخى ۋە يۇمران بىخلىرى قۇرۇپ نابۇت بولىدۇ. غولىدا نابۇت بولغان قوڭۇر رەڭلىك يوللۇق داغلار بولىدۇ. كېسەللەنگەن تۈپى كىچىك، پاكار ئۆسىدۇ؛ (2) چېچەك، يوپۇرماق تىپى: دەسلەپكى مەزگىلدە يۇمران يوپۇرماقلىرىدا سارغۇچ يېشىل رەڭلىك داغلار پەيدا بولىدۇ. تۈپى پاكارلىشىش، غەيرىي شەكىلگە كىرىش ۋە يوپۇرماق تۆكۈلۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئېغىر بولغاندا يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلگەندىن باشقا، يوپۇرماق، يۇزىدە يەنە تەكشىسىز بولۇش، ئېگىز چىققان جايلىرى كۆپۈكسىمان ھالەتتە بولۇش، يوپۇرماقلىرى غەيرىي شەكىلگە كىرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، بەزىدە يوپۇرمىقى ئىنچىكە، سوزۇق ھالەتكە كىرىپ، گىرۋەكلىرى يۇقىرىغا قاراپ يۆگىلىدۇ. مۇچ تۈپلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاپ، مېۋىسى كىچىك بولىدۇ؛ (3) غۇزىمەك شاخ تىپى: مۇچ تۈپى پاكار، كىچىك بولۇپ، بوغۇم ئارىلىقلىرى قىسقىرايدۇ، يوپۇرمىقى تار ئۇزۇن بولۇپ، كىچىك شاخلىرى غۇزىمەك ئۆسىدۇ، لېكىن يوپۇرماقلىرى تۆكۈلمەيدۇ. چېچىكى ئېچىلىپلا تۆكۈلىدۇ؛ (4) يوپۇرماق سارغىيىش تىپى: يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ يوپۇرماقلىرى تەدرىجىي سارغىيىپ، يوپۇرمىقى، مېۋىسى تۆكۈلىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** مۇچ ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئىككى خىل كېسەللىك سەۋەبچىسى بولىدۇ، ئىككى خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللىك ئالامىتى ئوخشاش بولمايدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ چىپار بولۇپ، سارغىيىش تەرخەمەك ئالا يوپۇرماق ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى بولۇپ، كۆك پىت تارقىلىدۇ؛ يوللۇق داغ، ھالقىسىمان داغ پەيدا بولۇپ نابۇت بولۇش تىپى ئاساسلىقى تاماكا ئالا يوپۇرماق ۋىرۇس كېسىلى بولۇپ، كېسەللەنگەن مۇچ ئۇرۇقىدىكى ۋىرۇس ئارقىلىق تارقىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ۋىرۇس يەنە ئېتىز مەشغۇلاتى ئارقىلىق تەكرار تارقىلىدۇ. لېكىن ئىشلەپچىقىرىشتا تېمپېراتۇرا يۇقىرى، ھاۋا قۇرغاق بولۇش، تەكرار تېرىش، سۇ، ئوغۇت يېتىشمەسلىكتىن ياخشى ئۆسمەسلىك، كۆك پىت كۆپ بولۇش قاتارلىقلار بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئېغىر پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇپراق قۇرغاق چاغدا توساتتىن سۇغىرىش ھەمدە مۇچ تۇپلىرىگە باشقا كېسەللىكلەر يۇقۇش قاتارلىقلارمۇ يوپۇرماقنىڭ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلار بىلەن ۋىرۇس كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان يوپۇرماق چۈشۈشنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** ۋىرۇسقا چىداملىق سورتلارنى ۋە ۋىرۇسسىز ئۇرۇقلارنى تاللاپ تېرىش، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، ۋىرۇسسىز تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈش، مايسا مەزگىلىدە كۆك پىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىن سولياۋ يوپۇق يېپىپ پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، بالدۇر يىلتىز تارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 20% لىك ۋىرۇس A نەملىنىشچان پاراشوكىنى ياكى موروكسىدىن (病毒灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 5% لىك جۇندۇچىڭ (菌毒清) سۇيۇق دورىسىنىڭ 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر 10 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 3 ـ 4 قېتىم پۈركۈش كېرەك. (03)

# مۇچنىڭ چېچەك ۋە مېۋىسى تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

يۈسۈپجان ئوسمان
(قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەركىزىدىن)

1. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتقا چىدامىلىق ۋە ناقولاي شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان سورتلارنى تېرىش لازىم.

2. يۇقىرى تېمپېراتۇرا تۇپراقنىڭ قۇرغاقلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، گۈل چېڭىنىڭ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچراپ، نورمال چاڭلىنالمايدۇ ـ دە، مۇچنىڭ چېچەك ۋە مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا تۇپراقنى كولتىۋاتسىيە قىلىپ تۇپراقنىڭ نەملىك ۋە ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، چېچەك ۋە مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

3. مۇۋاپىق زىچلىقتا ئۆستۈرۈپ، ھاۋا ۋە يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش ھەمدە قېرى يوپۇرماقلارنى ۋە ياۋا شاخلارنى پۇتاش ئارقىلىق، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

4. ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش ھەمدە قوشۇمچە ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىش، بولۇپمۇ ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئاز ئوغۇتلاش كېرەك. ئوغۇتلاش مەزگىلىدە يىلتىز سىستېمىسىنىڭ زەخىملىنىشىدىن ساقلىنىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش مەزگىلىدە ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم يوپۇرماققا مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتنى يوپۇرماق ئوغۇتىنى پۈركۈش كېرەك. مۇۋاپىق سۇغىرىش ۋە ئارتۇق سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇق ئۆسۈش بىلەن كۆچىيىپ ئۆسۈشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش لازىم.

5. چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش مەزگىلىدە 30ppm-25ppm لىق يىمىدۇيىلۇبېنياڭ) (乙醚对氯苯氧) دورىسىنى چېچەك ۋە يوپۇرمىقىغا پۈركۈلسە چېچەك ۋە مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

6. مۇچ چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش مەزگىلىدە كېسەللىك، بولۇپمۇ ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ۋە «كۆك پىت، غوزا قۇرتى ۋە كانا تۇردىكىلەر» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئارقىلىق، چېچەك ۋە مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

# نەشپۈت يوپۇرماق سارغىيىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوقىتىش تەدبىرلىرى

رەيھانگۇل زەيدۇن   تۇنساگۇل تۇردى
(كورلا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىن)

نەشپۈت يوپۇرماق سارغىيىش كېسەللىكى يەنە تۆمۈر كەملىك كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك تۆمۈر كەملىكتىن پەيدا بولىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىك بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش يوقىتىش بىرقەدەر قىيىن. نۆۋەتتە بۇ كېسەللىك كورلا نەشپۈتىدە ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلۈپ، نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلماقتا.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** يوپۇرماق سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى يوپۇرماقتا كۆرۈلىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماق ئازراق سارغىيىدۇ، لېكىن يوپۇرماق تومۇرى يېشىللىقىنى يوقاتمايدۇ. كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ يوپۇرماق پۈتۈنلەي ساغىرىپ، يوپۇرماق گىرۋەكلىرى قورۇلۇپ، يوپۇرماق تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەشپۈت شاخلىرى ئۆسۈشتىن توختاپ ئاجىزلايدۇ.

**2. كېسەللىك سەۋەبى:** سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئاساسلىق پەيدا بولۇش سەۋەبى تۇپراق بىلەن ئۇلاقتىن ئىبارەت. يەنى تۇپراقنىڭ pH قىممىتى ئۆرلىسە تۇپراق شورلىشىپ، تۇپراقتىكى تۆمۈر تۇزلىرى قېتىشىپ، يىلتىز سۈمۈرۈلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈك تېنىدە تۆمۈرنىڭ يۆتكىلىشى توسالغۇغا ئۇچراپ، يوپۇرماقتا تۆمۈر كەملىك كېسىلى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلاقمۇ يوپۇرماق سارغىيىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. بىز دولى كۆچىتىنى ئۇلاق قىلغاندا

سارغىيىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ئومۇمىيۈزلۈك، لېكىن ئاموت كۆچەتنى ئۆلاق قىلغاندا يوپۇرماق سارغىيىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى يوق دېيەرلىك بولدى.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى:** (1) كېسەلگە چىدامىلىق سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، بولۇپمۇ شورلۇق تۇپراقتا سارغىيىش كېسەللىگە ۋە شورغا قارشى تۇرالايدىغان ئۆلاقلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (2) تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يەنى كۆچەت ئارىلىقلىرىغا بىدە، ئۈچ قۇلاق ئوت قاتارلىق كۆپ يىللىق پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى تېرىغاندا، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى ئېشىپ، كۆچەتلەرنىڭ تۆمۈر ماددىسىنى سۈمۈرۈشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سارغىيىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى بولغان باغلاردا سۇنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنداق باغلارغا چېچەكلەشتىن بۇرۇنقى سۇنى ئاچاسلىق، كېيىنكى سۇيىنىمۇ بەك قاندۇرۇۋەتمەسلىك، ئامال بار زەيلىك چېپىپ شورنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ (3) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىشتا، يوپۇرماققا %0.3 ـ %0.5 لىك تۆمۈر (Ⅱ) سولفات (硫酸亚铁) ئېرىتمىسىنى ياكى %1 لىك لىمون كىسلاتاسى(柠檬酸)ئېرىتمىسىنى 15 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 3 ـ 4 قېتىم پۈركۈش ياكى %0.3ـ% 0.5 لىك تۆمۈر (Ⅱ) سولفات ئېرىتمىسىنى ئوكۇل قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا گۇاڭتەي (光泰) ماركىلىق مىۋىلىك دەرەخ ئوزۇقلۇق ئوكۇلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىقمۇ سارغىيىش كېسىلىنى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (02)

# باھار گەزلىمە قورتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت

(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

باھار گەزلىمە قورتى ناھىيەمىزدە دەل ـ دەرەخلەرگە زىيان سالىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ بىرى بولۇپ، يىلدا بىر ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. لىچىنكىسى بەش ياشقىچە ئۆسۈپ يېتىلەيدۇ، ئۈچ ياشتىن كېيىن ئوزۇقلىنىشقا باشلايدۇ، لىچىنكىلىرى كۆپىنچە دەرەخ ئۇستىدىكى يورۇقلۇق چۈشىدىغان جايلاردا ئوزۇقلىنىدۇ.

باھار گەزلىمە قورتى ناھىيەمىزدە باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغان باغلاردا ئېغىر پەيدا بولىدۇ. تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىدە باھار گەزلىمە قورتىنىڭ تۇخۇم تۇغۇش مەزگىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى تۇخۇم تۇغۇشنىڭ يۇقىرى مەزگىلىگە كىرىدۇ. خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق مەزگىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا بالدۇر بايقاش، لىچىنكىسى كىچىك ۋاقتىدا يوقىتىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. لىچىنكىلىرى 1 ـ 2 ياشلىق بولۇشتىن ئىلگىرى چوقۇم بىر قېتىم خىمىيەلىك ئۇسۇلدا يوقىتىش كېرەك.

**ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** (1) باھار گەزلىمە قورتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ھاشاراتنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم؛ (2) تەۋرەنمە چاستوتىلىق ھاشارات يوقىتىش چىرىغى ئارقىلىق يېتىلگەن ھاشاراتنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش ئارقىلىق، چىشى ھاشاراتنىڭ تۇخۇم تۇغۇش مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. چىراغنى ھەر كۈنى كەچتە شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 6 ـ 10 غىچە يورۇتۇش كېرەك؛ (3) 1% لىك جىيا ئەن جى ئاۋېيجۇنسۇ (甲氨基阿维菌素) مايلىق ئېمولسىيەسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 2.5% لىك فۇخۇ (福虎) مايلىق دورىسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم چېچىش لازىم؛ (4) سولياۋ ياكى ئوت ـ چۆپلەرنى دەرەخ تۈۋىدىن 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە كاناي شەكلىدە باغلاپ، چىشى ھاشاراتلىرىنى جەلپ قىلىپ تۇخۇم تۇغۇشنى تىزگىنلەش لازىم. دورا چېچىپ يوقىتىشتا، باھار گەزلىمە قورتىنىڭ يىپ قۇسۇپ تۆۋەنگە ساڭگىلاش ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، دورا چېچىشتىن بۇرۇن دەرەخلەرنى بىر قېتىم لىڭشىتىۋېتىپ، كۆپ قىسىم لىچىنكىلار پەسكە ساڭگىلىغان مەزگىلدە دورا چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

# قىزىلچىنىڭ پىل تۇمشۇق قوڭغۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

يى شۇمى
(غۇلجا شەھىرى خەنبىڭ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

قىزىلچىنىڭ پىل تۇمشۇق قوڭغۇزى قاتتىق قاناتلىقلار ئەترىتى پىل تۇمشۇق قوڭغۇزى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. شىنجاڭدا قىزىلچىغا زىيان سالىدىغان پىل تۇمشۇق قوڭغۇزىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، شىمالىي شىنجاڭدا قىزىلچىنىڭ ئادەتتىكى پىل تۇمشۇق قوڭغۇزى، جەنۇبىي شىنجاڭدا قىزىلچىنىڭ قارا پىل تۇمشۇق قوڭغۇزى ئېغىر زىيان سالىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى قىزىلچا يۇمران مايسىسىنىڭ پەللە يوپۇرمىقى ۋە ئۆسۈش نۇقتىسىغا زىيان سېلىپ، كۆپ ھاللاردا يۇمران غولىنى يەپ ئۈزۈۋېتىپ مايسىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. ئېغىر بولغاندا مايسىلارنى كەڭ كۆلەمدە ۋەيران قىلغاچقا، قىزىلچىنى قايتا تېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** ئادەتتىكى پىل تۇمشۇق قوڭغۇز شىنجاڭدا يىلىغا بىر ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى قىزىلچا ئېتىزى ۋە لويا ئائىلىسى، قامچا گۈل ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن شورلۇق بىنەم يەرلەردىكى 15~30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق قەۋىتىدە قىشلايدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا 4 - ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى قىشتىن ئۆتكەن يېتىلگەن ھاشارىتى ئىلگىرى - كېيىن توپىدىن چىقىدۇ ۋە ئالدى بىلەن ئوت - چۆپلەردە ئوزۇقلىنىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 - ئاينىڭ بېشىغىچە قىزىلچا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن قىزىلچا ئېتىزىغا يۆتكىلىپ زىيان سالىدۇ ھەمدە تۇخۇم تۇغىدۇ، قىزىلچا ئەمدىلا ئۈنۈپ چىقىپ ھەقىقىي يوپۇرماق چىقىرىشتىن ئىلگىرى زىيىنى ئېغىر بولۇپ، ئادەتتە 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا زىيان سېلىشى ئەۋجىگە چىقىدۇ. 5 - ئاينىڭ باشلىرىدىن كېيىن لىچىنكىسى داۋاملىق كۆرۈلىدۇ ھەمدە تۇپراقنىڭ ئۈستۈنكى يۈزىدە تۇرۇپ يەر يۈزىگە يېقىن بولغان يوپۇرماقنى يەيدۇ ياكى ئاساسىي يىلتىزىغا تېشىپ كىرىپ زىيان سالىدۇ. لىچىنكا مەزگىلى 45 - 60 كۈن بولىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن،

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۇپراقتا قورچاققا ئايلىنىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئا ـ
خىرىدىن باشلاپ يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلىنىدۇ، لېكىن ئادەتتە توپىدىن چىق ـ
ماستىنلا قىشلايدۇ. تېمپېراتۇرا 18℃ ـ 20℃ قا يەتكەندە، يېتىلگەن ھاشا ـ
رىتى قاناتلىنىپ جۈپتىنى ئىزدەيدۇ ۋە كۆپلەپ ئۇزۇقلىنىپ قىزىلچىغا زىيان
سالىدۇ. بىر دانە يېتىلگەن ھاشارات بىر كۈندە 8 ـ 10 تۈپ مايسىغا زىيان سې ـ
لىپ، چىشى ھاشارىتى تۇخۇمنى كۆپىنچە 1 ـ 4 سانتىمېتىر تۇپراق قاتلى ـ
مىغا ياكى تۆكۈلگەن شاخ ـ يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىغا تۇغىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) شورلۇق بىنەم يەرلەرنى ئۆز ـ
گەرتىش، ئوت ـ چۆپلەرنى، بولۇپمۇ لويلا ئائىلىسى ۋە قامچىگۈل ئائىلى ـ
سىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش لازىم؛ (2) قىزىلچىنى يىغىپ بولغان ـ
دىن كېيىن، يەرنى ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزغاندا، قىشلايدىغان ھاشارات زىچ ـ
لىقىنى ئازايتىپ، كېلەر يىللىق زىياننى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ؛ (3) قى ـ
زىلچىنى مۇۋاپىق بالدۇر تېرىغاندا، يۇمران مايسىنىڭ ئېغىر زىيانغا
ئۇچرايدىغان پەيتىدىن ساقلىنىپ زىياننى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. تې ـ
رىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇقنى دورىلاش لازىم. كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى
بىلەن قىزىلچا ئۇرۇقى ئەستايىدىل تاللىنىپ ۋە ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. ئاندىن
ئاخلاپ ئۇرۇقنىڭ سىرتىدىكى ياغاچلىق قىسمى چىقىرىپ، 35% لىك
مېتىل فوسفولان دورىسىنى بىر ئۈلۈش، ئۇرۇق بىلەن سۇ 100 ئۈلۈشتىن
قىلىپ تەييارلىنىدۇ، سۇ ئۈچ قېتىمغا بۆلۈنۈپ ئۇرۇققا چېچىلىدۇ. تەكشى
ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ئاندىن ئۇرۇقنىڭ ئۈستىگە سولياۋ ياكى نەم تاغارنى يې ـ
پىپ 24～36 سائەت دۈملىنىدۇ. دۈملەش جەريانىدا ھەر تۆت سائەتتە بىر
قېتىمدىن ئۇرۇقنى ئۆرۈپ تۇرۇش كېرەك، ئاخىرىدا ئۇرۇقنى سالقىن يەر ـ
دە يېيىپ قۇرۇتۇپ تېرىسا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى بىر ئايغىچە
داۋاملىشىدۇ؛ (4) قىزىلچا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن 80% لىك د د ۋ
(敌敌畏) سۇتسىمان دورىسى ياكى 50% لىك بايسد (倍硫磷) ياكى 40%
لىك ئاتسېفات (乙酰甲胺磷) ياكى 50% فوكسىم (辛硫磷) ياكى 90%
لىك دىپتېرېكس (敌百虫) كىرىستالى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ
1000 ھەسسىلىك سۈيۇقلۇقىنى چاچسىمۇ بولىدۇ. (05)

# شوخلا يوپۇرمىقى تۈگۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ئاسىيەم رىشىت

(كەلپىن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن)

**كېسەللىك ئالامىتى:** يوپۇرماق ئۈستىگە قاراپ تۈگىلىدۇ، ئېغىر بولغاندا كاناي شەكلىگە كىرىدۇ. كېسەللىك تۆپىنىڭ ئاستى قىسمىدىن ئۈستىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. شوخلىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك يوپۇرماق تۈگۈلۈشى ئاساسەن ئۇسساش سەۋەبىدىن كۆرۈلىدۇ. يىلتىز قىسمى ياخشى يېتىلەلمىسە ياكى يىلتىز قىسمى زەخىملەنسىمۇ تۆپتە ئۇسساش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق سۇغىرىشتىن باشقا يەنە يىلتىزنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. چوقۇم ئوخشىمىغان مەزگىلدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ سۇغىرىش كېرەك. ئادەتتە، شوخلىنى تىكىپ سۇغارغاندىن كېيىن، 4 ـ 5 كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم سۇغىرىش، ئاندىن تۇپراقنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قۇرغاق ساقلاپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مېۋىلەشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە تۆپلەر كىچىك، تۇپراقتىكى سۇ ـ نىڭ پارلىنىشى تېز بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھەر 6 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىپ، كولتىۋاتسىيە قىلىش كېرەك. كېيىن تۆپنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، سۇغا ئېھتىياجى ئاشىدۇ، بۇ مەزگىلدە ۋاقتىدا سۇغىرىپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش لازىم.

2. ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ سۇغىرىش كېرەك. ئەگەر يۇرەكسىمان يو ـ پۇرماق ياخشى يېيىلالماي، يوپۇرمىقى قېنىق بولسا ھەمدە ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يوپۇرماقلىرىدا يېنىك دەرىجىدە سولىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. ئەگەر يۇرەكسىمان يوپۇرمىقى زىيادە يېيىلىپ، يوپۇرماق نېپىز، يوغان بولسا بەك كۆپ سۇغىرىۋەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا سۇغىرىشنى تىزگىنلەش كېرەك.

3. پارنىكنىڭ كۈندىلىك سۇغىرىش ۋاقتىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. يازدا چۈشتە سۇغارماسلىق، ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن ئىلگى ـ رى، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن كېيىن سۇغىرىش كېرەك. چۈنكى،

# ئۆغۈننىڭ ئاق توزان كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئاسىمگۈل ئابلىمىت
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك ئاساسلىقى يوپۇرماق، يوپۇرماق ساپىقى، بوغۇمغا يۇقىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماق كەينى ۋە يۈزىدە ئاق رەڭلىك تەگسىمان توزانلىق داغ پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك كونا يوپۇرماقتىن تەدرىجىي ھالدا يېڭى چىققان يوپۇرماققا تارقىلىدۇ. ئېغىر بولغاندا پۈتكۈل تۈپ ئاق توزان بىلەن قاپلىنىدۇ. كېيىن ئاق توزان قەۋىتى كۈلرەڭ توزانغا ئايلىنىدۇ.

**2. كېسەللىك تارقىلىشى:** ئاق توزان كېسىلى تەۋەيىمىزدە باكتېرىيە يىپسىمان تەنچە شەكلىدە پارنىكتىكى قاپاق تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكتە قىشتىن ئۆتىدۇ ياكى يېپىق خالتا قېپىدا باكتېرىيەلىك تۈپىدا قىشتىن ئۆتىدۇ. ئىككىنچى يىلى يېڭى سپورا پەيدا بولىدۇ، ھاۋا، يامغۇر ۋە ھاشاراتلارغا تايىنىپ پارازىت خوجىسىغا يۇقىدۇ، تېمپېراتۇرا 16℃ ـ 24℃ بولغاندا ئاسان تارقىلىدۇ. تەۋەيىمىزدە ئاق توزان كېسىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا پەيدا بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىيان سالىدۇ. قوغۇن تۈپى زىچ ئۆسكەن، شامال، يورۇقلۇق ئۆتكۈزمەيدىغان جايدا تارقىلىشى ئېغىر بولىدۇ.

---

يازدا تۇپراق تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، تېرىلغۇ يەرلەر كۆپىنچە يەر ئاستى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئادەتتە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولىدۇ، بۇنداق قۇدۇق سۈيىدە كۆكتاتنى سۇغارسا، تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ، يىلتىز قىسمىنىڭ سۈمۈرۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شاخ، يوپۇرماقلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، پارلىنىشى كۈچلۈك بولغاچقا، يىلتىز قىسمىنىڭ سۇ سۈمۈرۈش سۈرئىتى تۈپنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالماي، تۈپلەردە سولىشىش، يوپۇرماق گىرۋەكلىرى، ئۇچى قۇرۇش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. (03)

# ئانارنىڭ چېچەك، مېۋىسى تۆكۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

كېرەم ئوسمان
(قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)

ئانارنىڭ چېچەك، مېۋىسى ئوزۇقلۇق ماددىلار يېتىشمەسلىك، ناچار شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، ياخشى چاڭلاشماسلىق، توپ باراقسان ئۆسۈپ، يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتى ناچارلاش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۆكۈلىدۇ. چېچەك، مېۋىلەرنىڭ تۆكۈلۈش دەرىجىسى تۈپنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە، ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئانارنىڭ 1 ـ قېتىملىق گۈلى ئېچىلغاندىن باشلاپ مېۋىسى چوڭايغىچە بولغان ئارىلىقتا چېچەك، مېۋىسى كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ. چېچەك، مېۋىسى تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغاندا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**1. چېچەك ۋە مېۋە تۆكۈلۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى:** ① يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتى ناچار بولۇش: ئانار دەرىخى كۈن نۇرىنىڭ تەكشى چۈشۈشنى تەلەپ قىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ. كۈن نۇرىنىڭ تەكشى چۈشۈش ـ

---

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** كېسەللىك تارقىلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا 25% لىك ئامىشىدا (阿米西大) سۇتسىمان سۇيۇقلۇق دورىسىنىڭ 3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 25% لىك يىمىفېن (乙嘧酚) سۇتسىمان سۇيۇقلۇق دورىسىنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈش كېرەك. ئوتتۇرا مەزگىلدە 25% لىك يىمي فېن سۇتسىمان سۇيۇق دورىسىنىڭ 750 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 10% لىك بېنمى جۇن جى (苯醚菌酯) دانچە دورىسىنىڭ 1500 ـ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 72% شۇاڭ نياۋمىڭشىن (霜脲锰锌) دورىسىنىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم يوپۇرماقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەكشى تۇمانلىتىپ پۈركۈش كېرەك. (03)

چۈشمەسلىكى ئانار تۈپلىرى نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تەكشى بولسا ئانار يوپۇرمىقىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بىرىكتۈ-رۈشى ۋە چېچەك بىخلىرىنىڭ نورمالنى بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەـ-گەر كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تەكشى بولمىسا نوتىلىرى ئىنچىكە، بوغۇم ئا-رىلىقى ئۇزۇن، يوپۇرماقلىرى سۇس يېشىل بولۇپ قېلىپ، چېچەك ۋە مې-ۋىسى كۆپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ② يازلىق چاتاشنىڭ ياخشى بولماسلىقى: ئا-نار دەرىخى چېچەك ۋە مېۋە تۇتۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى چاتاشلار ياخشى بولماسلىقىدىن چېچەك، مېۋىلىرى تۆكۈلىدۇ. شۇڭلاشقا ئانار دەرىخى چې-چەكلەپ مېۋىلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئانا شاخ ئەتراپىدىن ئۆسۈپ چىققان ياۋا شاخلارنى ۋاقتىدا چاتاپ، مېۋىلەش مەزگىلىدە زىيادە مېۋىلىگەن مېۋە شاخلاردىكى مېۋىنى شالاڭلىتىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ بىھۇدە سەرپ بولۇشنى ئازايتىپ، چېچەك، مېۋىسىنى ئوزۇقلۇق بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەش لازىم. ③ يېتەرلىك ئوغۇتلىماسلىق: ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلىمىغاندا ۋېگېتاتىپ-لىق ئۆسۈش بىلەن كۆپىيىش ئۆسۈش ئوتتۇرىسىدىكى ئوزۇقلۇق تالىشىش مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن چېچەك، مېۋىلىرى ئاسانلا تۆكۈلىدۇ. ④ چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى مۇۋاپىق سەپ-لىمەسلىك: ئانار چەتتىن چاڭلىنىشنى ئاساس قىلغان مېۋىلىك دەرەخ بو-لۇپ، چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەپ تىكمىگەندە، ياخشى چاڭلىنالـ-ماي، چېچەك ۋە مېۋىلىرى تۆكۈلىدۇ. ⑤ مۇۋاپىق سۇغىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك: سۇغىرىش مۇۋاپىق بولمىغاندا چېچەكلەر كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ. مېۋىسى يېرىلىپ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ قالىدۇ. ⑥ ناچار ھاۋا كىلىماتىنىڭ تەسىرى: ئەتىيازدا ھاۋا كىلىماتى ياخشى بولماي، چاڭ توزانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلۈپ، توپا ـ چاڭلار ئانا چېچىكىنىڭ ئىنىلىق

ئاغزى ۋە ئانىلىقنىڭ يۈزىنى قاپلىۋېلىپ، نورمال چاڭلىنىشىشقا تەسىر كۆرسىتىپ، چېچەك كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** ① شاخلارنى مۇۋاپىق چاتاش ئارقىلىق كۈن نۇرى چۈشۈش، ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. بۇنىڭدا كۈزدە شاخلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، شاخلارنى مۇۋاپىق شالاڭلىتىپ، دەرەخ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقنىڭ ئارتۇقچە سەرپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەتىيازدا چاتاش، ئاچا قويۇش، كېرىش، ھارام شاخلارنى ۋاقتىدا چاتاش ئارقىلىق شاخلارنى مۇۋاپىق تارقاقلاشتۇرۇپ، ھاۋا ئۆتۈشۈش، كۈن نۇرى چۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. ② ئانارنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىپ، ئورگانىك ئوغۇتقا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش لازىم. ھەر يىلى مېۋىلىك دەرەخنى ئىككى قېتىم ئوغۇتلاش، يەنى كۈزدە مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن خىمىيەلىك ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئوزۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. ئانار مېۋىسى تېز يوغىناۋاتقان مەزگىلدە بىر قېتىم مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. ③ چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەپ، چاڭلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېۋىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئادەتتە ئاساسلىق سورت بىلەن چاڭلاشتۇرغۇچى سورتنىڭ نىسبىتىنى 4:1 قىلىپ تىكسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ④ ئانار دەرىخىنىڭ چېچەكلەش ۋە مېۋىسى پىشىش مەزگىلىدە سۇنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، چېچەكنىڭ كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كېتىشى ۋە مېۋىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ⑤ مۇھاپىزەت ئورمىنى بىنا قىلىپ، بوران، چاڭ ئاپىتىنىڭ تەسىرىدىن چېچەك ۋە مېۋىلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. شۇنداقلا چاڭ ـ توزانلىق ھاۋا رايى تۈگىگەندىن كېيىن ئانار شاخلىرىنى يېنىك سىلكىپ، چېچەك، يوپۇرماقلاردىكى توپىلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ، چاڭلىنىشنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. (03)

# قوغۇن پېلەك قۇرۇش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈزەلنۇر ھاجى
(غۇلجا شەھىرى تاشكۆۋرۈك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ خىل كېسەللىك ئاساسىي پېلەكنىڭ تۇۋىدە ياكى يان پېلەك ئۆسۈپ چىققان ئورۇندا پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مايغا چىلاشقاندەك كۆكۈچ داغ پەيدا بولۇپ، سەل - پەل ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللەنگەن ئورۇندىن ئاجرىلىپ چىققان ماددىلار تەدرىجىي قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك يېلىمسىمان ماددىغا ئۆزگىرىپ، قۇرۇغاندىن كېيىن كېسەللىك دېغى كۈلرەڭ قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ، كېيىنكى مەزگىلدە كېسەللىك دېغىدا قارا رەڭلىك ئۇششاق چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش شارائىتى:** نەملىك يۇقىرى، پېلەك، يوپۇرماقلىرى بەك زىچ ئۆسكەن، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتى ناچارلاشقان ئەھۋالدا بۇ خىل كېسەللىك ئاسان پەيدا بولىدۇ، تەكرار تېرىلغان يەرلەردە، يىلتىز، پېلەكلەر سۇغا چىلىنىپ قالسىمۇ بۇ خىل كېسەللىك ئاسان پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك مىكروبىنىڭ يېتىلىشىگە 20℃ - 30℃ لۇق تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى:** ① قوغۇننى ئۈچ يىلدىن كۆپرەك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك؛ ② پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، تۈپىنىڭ كېسەللىككە چىدامىلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ③ ئۇرۇقنى دورا بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ تېرىش كېرەك؛ ④ سۇغىرىشنى قاتتىق كونترول قىلىش، يىلتىز، پېلەكلەرنىڭ سۇغا چىلىنىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ⑤ كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 70% لىك تىرىزىمان نەملىنىشچان پاراشوكى (代森锰锌可湿性粉剂) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 50% لىك توپسىن (托布津) ياكى باۋىستىن نەملىنىشچان پاراشوكى (多菌灵可湿性粉剂) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 1:50 ھەسسىلىك توپسىن ياكى دىكسون (敌克松) سۇيۇقلۇقىنى كېسەللەنگەن ئورۇنغا سۇرۇش كېرەك. (03)

# بۇغداي كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈلشات راخمان
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

بۇغداي كۆك پىتى بىر تەرەپتىن شورىغۇچى ئېغىزى ئارقىلىق يۇمران يوپۇرماقنىڭ شىرنىسىنى شۈمۈرۈپ ئوزۇقلىنىپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بىھۇدە خوراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىپ، يوپۇرماق يۈزىنى بۇلغاپ، يوپۇرماقنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تۆپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇغداي باشاق چىقارغاندىن كېيىن باشاقتا توپلىشىپ زىيان سېلىپ، دېنىنىڭ پۇچەك بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەھسۇلاتنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇغداي كۆك پىتى بۇغدايدىن باشقا زىرائەتلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ. ياش قۇرتى، يېتىلگەن ھاشارىتى يوپۇرماقنىڭ كەينىگە، غولىغا، باشىقىغا توپلىشىپ زىيان سالىدۇ. زىيانغا ئۇچرىغان قىسمىدا كىچىك سېرىق داغ پەيدا بولۇپ، كېيىن يوللۇق داغقا ئايلىنىدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن تۈپ قۇرۇپ قالىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش:** (1) بۇغداينى باشقا زىرائەتلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك؛ (2) تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئوغۇتلاش، سۇغىرىش قاتارلىق پەرۋىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، بۇغداينىڭ تىمەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆك پىت زىيىنىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ (3) ئېتىزدىكى كۆشەندە ھاشاراتلاردىن پايدىلىنىش ۋە قوغداش ئارقىلىق كۆك پىتنى تىزگىنلەش لازىم. ئېتىزدا كۆشەندە ھاشارات بىلەن زىيانداش ھاشاراتنىڭ نىسبىتى 150:1 بولسا ياكى ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كۆرسەتكۈچىگە يەتمىگەن بولسا، دېھقانچىلىق دورىسىنى پۈركۈش مەنئى قىلىنىدۇ. (4) ھەر يۈز تۈپتىكى بۇغداي كۆك پىتى 1000 تالدىن كۆپ بولسا ياكى ھەر يۈز تال باشاقتىكى كۆك پىت 500 تالدىن كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆشەندە ھاشاراتلار ئاز بولسا، كۆپىيىش ئېھتىماللىقىمۇ ئانچە زور بولمىسا، ھەر مو يەرگە 25% لىك بىياتوڭ (吡蚜酮) سوسپىنزىيەلىك دورىدىن 16 ـ 24 مىللىلىتىر، 5% لىك ئىمىداكلور (吡虫啉) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 30 گىرام ياكى 20% لىك دىڭچوڭمى (定虫脒) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 10 گىرامنى سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. (03)

# قوغۇن پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇرگۈل ئابدۇغۇپۇر

(يوپۇرغا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

قوغۇن پىتى كېۋەز كۆك پىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئوخشاش قانات-لىقلار ئەترىتىنىڭ كۆك پىت ئائىلىسىگە كىرىدۇ. بۇ ھاشارات تەۋەيدە-مىزدە كېۋەزگە زىيان سالغاندىن باشقا يەنە قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتات، گۈل ـ گىياھ، مېۋىلىك باغلارغا زىيان سالىدۇ. پەيدا بولۇشىنىڭ دەس-لەپكى مەزگىلىدە قوغۇن پىلىكىنىڭ ئاساسىي قىسمىدىكى يوپۇرماقنىڭ ئۈستى قىسمىغا ياكى ئارقا قىسمىغا توپلىشىپ زىيان سالىدۇ. قوغۇن پىتى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈپ يوپۇرماقنىڭ ئۆسۈشىنى ئاستىلى-تىدۇ. ئېغىر بولغاندا يۇمران يوپۇرماقلار سولىشىپ سارغىيىپ قۇرۇپ، گۈل ـ غۇنچىلار تۆكۈلۈپ يۇمران مايسىلار قۇرۇپ كېتىدۇ. قوغۇن پىتى بىر خىل شىرنىلىك سۇيۇقلۇق چىقىرىپ، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى بۇلغىغانلىقتىن، پىلەك بالدۇر ئاجىزلاپ قۇرۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوغۇننىڭ مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا قوغۇن پىتى-نىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

1. كۈز ۋە ئەتىيازدا ئائىلىدىكى ۋە پارنىك ئىچىدىكى گۈل ـ گى-ياھلاردىكى پىتلارنى يوقىتىش لازىم. بۇنىڭدا فۇنەندەن دورىسىنى يىل-تىزنىڭ تۈۋىگە كۆمۈش لازىم، ھەربىر تەشتەكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ 3 ـ 5 گىرام دورىنى (يىلتىزدىن 15 سانتىمېتىر يىراقلىقتا) تۆشۈك ئېچىپ كۆمۈش لازىم. بەش كۈنگىچە كۈندە سۇغىرىپ دورىنىڭ ئۆسۈملۈك تېنىگە سۈمۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، قوغۇن پىتىنى يوقى-تىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. كۆشەندىلەردىن پايدىلىنىپ يوقىتىش لازىم. قوغۇن پىتىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان كۆشەندىلىرىدىن خانقىز، كۆك پىت يەيدىغان تۆگۈنەك پا-شا، ئالتۇن كۆز ھەرە، كۆك پىت يەيدىغان چۈين، كۆك پىت يەيدىغان چىرپاشكا قاتارلىقلار بار، بۇلارنى مۇھاپىزەت قىلسا كۆك پىتلارنى ئۈ-نۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

3. قوغۇننىڭ تۈپىگە دورا سۈرۈش كېرەك. كۆشەندە ھاشاراتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ، تەبىئىي كۆشەندىلەرگە تايىنىپ كۆك پىتنى ئۈ-نۈملۈك كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا خىمىيە-لىك دورىلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىلسا، كۆك پىتنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ. (03)

# كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى

ئەنۋەر تۇرغۇن

(ئاتۇش شەھىرى ئاغۇ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

يېزىلاردا دۆلەت مەبلەغ سېلىش، خەلق ئۆزى ئەمگەك كۈچى چىقىرىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان زىرائەت ۋە سۇ يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىۋاتقان سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرى بارلىققا كەلدى. سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى قۇرۇلمىلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىشلىتىشچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، زىرائەت مەھ-سۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆز تەۋەلىكىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇكەممەل بولغان باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۇرغۇزۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۆز تەۋەلىكىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە سانىغا ئاساسەن، سۇچىلىق تار-ماقلىرىنى ئاساس قىلغان ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇ-رۇپ، باشقۇرۇش بىلەن ئىشلىتىشنى قاتلامىمۇ - قاتلام كۆتۈرە بېرىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئايرىم باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ئورۇن ۋە خادىملار سۇچىلىق تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى ھەمدە ئۆز تەۋەلىكىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلمى-لىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

2. سۇ ئىنشائاتنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشكە مەخسۇس خادىم بەلگى-لەپ، ۋەزىپىسىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش كېرەك.

3. ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلمى-لىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى بار ئورۇن بىلەن مەخسۇس باشقۇرغۇچىنىڭ

مەنپەئەتىنى مەسئۇلىيەت ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى بىلەن باغلاپ باشقۇرۇش كېرەك.

4. سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرى دائىم كەلكۈن سۈيىنىڭ ھۇجۇمىغا ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كەلكۈندىن مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىگە بولغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك.

5. سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى رېمونت قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مەخسۇس رېمونت قىلىش خادىملارنى ئاجرىتىپ، ئۆزلىرى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلارنى يۇقىرى ئورۇنلارغا يوللاپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

6. سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش خىراجىتى جەھەتتە، ھەرقايسى مەنپەئەتلەنگۈچى ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەلۇم مىقداردا خىراجەت يىغىپ، سۇچىلىق فوندى توپلاپ، رېمونت قىلىش ۋە ئاسراشنى كۈچەيتىش كېرەك.

7. سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى ئىشقا سېلىشتا كېرەكلىك بولغان ماتېرىيال سايمانلارنى ياخشى ساقلاپ، قىش مەزگىلىدە ئامبارلاشتۇرۇش، قۇرۇلمىلارنىڭ لايىھە خەرىتىسى، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، ماتېرىياللار ۋە قۇرۇلمىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈش خاتىرىسى، ئۆتكۈزۈپ ئېلىش دوكلات ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلاش لازىم.

8. تەكشۈرۈپ تۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قۇرۇلمىلارغا قارىتا ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش بىلەن كەسپىي تەكشۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى ۋە كونكرېتنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جەھەتتە سۇرۇشتە قىلىش ئىشلىرىنى تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. (05)

# زىرائەتلەر قانداق ۋاقىتتا سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ

سەمەت ئابدۇكېرىم
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

زىرائەتنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئوخشاش بولمايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ــ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. زىرائەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان سۇ ئادەتتە فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج بولىدىغان سۇ ۋە ئېكولوگىيەلىك ئېھتىياج بولىدىغان سۇ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج زىرائەتنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەر خىل فىزىيولوگىيەلىك ھەرىكەت جەريانىدا (يوپۇرماق چىقىرىش، شاخلاش، كۆن نۇرى قوبۇل قىلىش، مېۋە بېرىش قاتارلىق ھاياتلىق دەۋرىدە) ئېھتىياجلىق بولىدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ. ئېكولوگىيەلىك ئېھتىياج بولىدىغان سۇ بولسا زىرائەتنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئېھتىياج بولىدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ئوغۇت سۈمۈرۈش، ئېتىزنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېھتىياج بولىدىغان سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىرائەتلەر ئېھتىياج بولىدىغان يۇقىرىدىكى ئىككى خىل سۇنى ھېسابلاپ چىقىش قىيىن بولمىغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ۋە پارغا ئايلىنىپ كېتىشىگە ئېھتىياج بولغان سۇ زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى دەپ قارىلىدۇ. زىرائەت ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بىر قىسىم نەملىكنى يامغۇر ۋە يەر ئاستى سۇلىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلىدۇ، كەم قىسمىنى يەر سۇغىرىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىدۇ. ئادەتتە زىرائەت ۋە تۇپراقتا سۇ يېتىشمىسە، سۇسىزلىنىش ئالامەتلىرى روشەن كۆرۈلىدۇ. شۇڭا زىرائەتلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىللىرىدىكى سۇغا ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، ئۆز ۋاقتىدا سۇغىرىشقا ئەھمىيەت بەرگەندە زىرائەتلەردىن يۇقىرى مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ. (05)

# توخۇلارنى ئىممۇنىتېتلاش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ئابلىمىت ئابدۇرېھىم
(يەكەن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

باقمىچىلىق جەريانىدا بىر قىسىم باقمىچى ئائىلىلەر گەرچە مالدوختۇرلۇق تارماقلىرى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىممۇنىتېتلاش تەرتىپى بويىچە ۋاكسىنا ئۇرسىمۇ، يەنىلا ئىممۇنىتېت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، ئىممۇنىتېتلاشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**1. ۋاكسىنا سېتىۋېلىشقا سەل قاراش:** دۆلەتنىڭ GMP بەلگىسى بولمىغان،ساختا، سۈپەتسىز ۋاكسىنىلارنى توخۇلارغا ئىشلەتكەندە ئىممۇنىت ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ.شۇڭا، مالدوختۇرلۇق تارماقلىرى ۋاكسىنا سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازىتى بەرگەن مەخسۇس سېتىش ئورۇنلىرىدىن ۋاكسىنا نامى ۋە زاۋۇت ئادرېسى ئېنىق، تەستىق نومۇرى ۋە دۆلەتنىڭ GMP بەلگىسى بار، ئىشلەنگەن ۋاقتى ھەم ئۈنۈملۈك مۇددىتى ئېنىق ئىزاھلانغان، سۈپەتلىك ۋاكسىنا سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش كېرەك.

**2. ۋاكسىنىنى توشۇش ۋە ساقلاش تېمپېراتۇرىسىغا سەل قاراش:** ۋاكسىنىنى توشۇش ۋە ساقلاش جەريانىدا تېمپېراتۇرا تەلەپكە لايىق بولمىغاندا ئىممۇنىتېت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.شۇڭا، ۋاكسىنىنى توشۇش ۋە ساقلاشتا چۈشەندۈرۈلۈشىدە كۆرسىتىلگەن تېمپېراتۇرا ئۆلچىمىگە قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك. ئوخشىمىغان ۋاكسىنىلارنىڭ ساقلاش شارائىتىغا بولغان تەلىپىمۇ ئوخشىمايدۇ. قاتۇرۇلغان تىرىك ۋاكسىنا (冻干活疫苗) نى نۆلدىن تۆۋەن 15℃ لۇق شارائىتتا ئىككى يىل ساقلىغىلى بولىدۇ، ئەگەردە 2℃ ـ 8℃ لۇق شارائىتتا ساقلىغاندا ئۈنۈملۈك مۇددىتى 9 ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. جانسىزلاندۇرۇلغان مايلىق ۋاكسىنا (油佐剂灭活疫苗) نى 2℃ ـ 8℃ لۇق شارائىتتا ساقلىغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ۋاكسىنىنى توشۇش ۋە ساقلاشتا چوقۇم بەلگىلەنگەن ساقلاش تېمپېراتۇرا تەلىپى بويىچە ساقلاش،ئىمكانقەدەر زاۋۇتتىن چىققىنىغا ئۇزۇن

بولمىغان ۋاكسىنىنى ئىشلىتىپ، ئىممۇنىتېت ئۇنۇمىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**3. ۋاكسىنىنى ئۇنۇملۇك مۇددىتى ئىچىدە ئىشلىتىشكە سەل قاراش:** توخۇلارغا ۋاكسىنا ئەملەشتە مۇددىتى ئۆتكەن ياكى سۈپىتى ئۆزگەرگەن ۋاكسىنىلارنى ئىشلەتكەندە، ۋاكسىنىنىڭ ئىممۇنىتېت ئۇنۇمى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، ۋاكسىنىنىڭ مۇددىتىنىڭ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكى، سۈپىتىنىڭ ئۆزگەرگەن ـ ئۆزگەرمىگەنلىكى، چۆكمە ياكى غەيرىي ماددىلارنىڭ بار ـ يوقلۇقى، بوتۇلكا ئاغزىنىڭ ھەم ـ بوشلۇقى، ۋاكسىنا رەڭگىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە كۆرسىتىلگىنى بىلەن بىردەكمۇ ئەمەسمۇ قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.ئادەتتە ئېرىتىلگەن ۋاكسىنىنىڭ ئۇنۇملۇك مۇددىتى 15℃ تا تۆت سائەت ئەتراپىدا، 15℃ ـ 25℃ تا ئىككى سائەت ئەتراپىدا، 25℃ تا بىر سائەت ئەتراپىدا بولۇپ، ۋاكسىنىنى ئۇدۇللۇق سۇيۇلدۇرۇپ، ئۇدۇللۇق ئىشلىتىش، ھەرگىزمۇ سۇيۇلدۇرۇپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغان ياكى ئېشىپ قالغان ۋاكسىنىنى ئىشلەتمەي، چوقۇم ئۇنۇملۇك تەسىركۆرسىتىش مۇددىتى ئىچىدە ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

**4. ۋاكسىنىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە مەشغۇلات قائىدىسىگە دىققەت قىلىشقا سەل قاراش:** توخۇلارغا ۋاكسىنا ئەملەشتە ۋاكسىنىنىڭ مىقدارىنى خالىغانچە ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ ئىشلەتكەندە ياكى يىڭنىنىڭ ئىنچىكە ـ توملىقى ۋە سانجىش بۇلۇڭى توغرا بولمىغان ئەھۋالدا ئىممۇنىتلاش ئۇنۇمى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، ۋاكسىنا ئەملەشتە ئىشلىتىش مىقدارىنى توغرا ئىگەللەپ، تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە مەشغۇلات قىلىش كېرەك. ئوخشىمىغان ۋاكسىنىنىڭ ئىممۇنىتېتلاش ئۇسۇلى ۋە ئىممۇنىتېتلىنىدىغان ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: بەزى ۋاكسىنىلار مۇسكۇلغا ئەملىنىدۇ، بەزىلىرى ئىچىملىك سۈيىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ، يەنە بەزى ۋاكسىنىلار بۇرنى ۋە كۆزىگە تېمىتىپ ئەملىنىدۇ، بەزىدە تېرىنى جىجىپ ئىممۇنىتېتلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ھەر خىل ئەملەش

ئۇسۇللىرىنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى، ئىشلىتىش مىقدارى، ئىشلىتىش ئورنى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگەللەش، بەلگە سالماي تەكرار ئەمەلىيلەشتىن ياكى چۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

**5. ئىممۇنىتېتلاشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى تاللاشقا سەل قاراش:** توخۇلارغا ۋاكسىنا ئەملەشتە توخۇلارنىڭ ساغلاملىق ھالىتىگە ۋە ئىممۇنىتېتلاشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىگە دىققەت قىلمىغاندا ئىممۇنىتېتلاش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى جايلار ئۆز يېرىنىڭ كېسەللىك تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىممۇنىتېتلاش تەرتىۋىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىممۇنىتېتلاشتىن بۇرۇن توخۇلارنىڭ روھى ھالىتىنى ياخشى ئىگەللەپ، ئىممۇنىتلاشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى تالالاش كېرەك. بالدۇر ئىممۇنىتېتلىغاندا توخۇلارنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى تېخى تولۇق يېتىلمەسلىك ھەم ئانا مەنبەلىك ئانتىتېلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئىممۇنىتېت ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. كېچىكىپ ئىممۇنىتلىغاندا ئورگانىزىمنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىممۇنىتېت ھاسىل بولۇشنىڭ ياخشى پەيتى ئۆتۈپ كېتىپ، ئىممۇنىتېت ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ.

**6. بېقىش - باشقۇرۇش ۋە توخۇخانا مۇھىتىغا سەل قاراش:** ئادەتتە توخۇلارنى ئىممۇنىتېتلاشتىن3 ـ 5 كۈن بۇرۇن ۋە ئىممۇنىتېتلاپ 7 ـ 10 كۈنگىچە باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسقا قارشى ئانتىبىيوتىك دورا ئىشلەتكەندە ياكى توخۇخانا مۇھىت تازىلىقى ناچار ياكى چاڭ - توزاڭ ۋە زىيانلىق گاز كۆپ بولغان شارائىتتا ئىممۇنىتېتلىغاندا ۋاكسىنىنىڭ ئىممونىتېت ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، ئىممۇنىتېتلاشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بىر قانچە كۈن ئىچىدە توخۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىگە ۋە يېمىگە ئانتىبىيوتىك دورا قوشۇپ بەرمەسلىك، يىغنە ۋە شپىرىسلارنى خىمىيەلىك دېزىنفېكسىيە دورىلىرى بىلەن دېزىنفېكسىيەلىمەسلىك، دېزىنفېكسىيە قىلىشتا ئىشلىتىلگەن دورىنىڭ يىڭنە ئارقىلىق ۋاكسىنىغا ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ھەرۋاقىت توخۇخانا مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاپ، مۇۋاپىق نەملىكنى ساقلاپ، توخۇخانا ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ، زىيانلىق گاز ۋە چاڭ - توزاڭنىڭ توخۇلارنىڭ نەپەس يولى ۋە كۆز شىللىق پەردىلىرىنى غىدىقلاپ، ئىممۇنىتېت ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. (02)

# چارۋا ـ ماللاردىكى يەل تاشما كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش ئۇسۇلى

رىزۋانگۈل ھوشۇر
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

چارۋىلاردىكى يەل تاشما كېسىلى ئىچكى ـ تاشقى باكتېرىيەلەرنىڭ غىدىقلىشىدىن كېلىپ چىققان، تېرىنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، كلىنىكىدا كېسەل مالنىڭ بەدىنىدە نۇرغۇنلىغان يۇمىلاق ياكى ياپىياڭ يەل تاشمىلار كۆرۈلۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، تېز يۇقۇملىنىدۇ، تېرە قىچىشىدۇ، ئاساسلىقى ئات، كالىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبى:** بۇ كېسەللىكنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ئىچكى ـ تاشقى غىدىقلاشتىن كېلىپ چىقىدۇ. (1) سىرتقى غىدىقلىنىش: قان شورىغۇچى ھاشاراتلارنىڭ غىدىقلىشى، زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەردىن زەھەرلىنىش، تەن سىرتىغا سۈرگەن دورىلارنىڭ غىدىقلىشى، سوغۇق ھاۋا تەسىرىگە تۇيۇقسىز ئۇچراش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) ئىچكى غىدىقلىنىش: كۆكىرىپ قالغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يەم ـ خەشەكنى يېيىش، ھەزىم قىلىش يولى كېسەللىكلىرى، بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە بەزى پارازىتلىق كېسەللىكلەر بىلەن كېسەللىنىش، بەزى دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**2. كلىنىكىلىق ئالامىتى:** بۇ كېسەللىكتە ئالدىن ئالامەت كۆرۈلمەيلا، تېرىدە تۇيۇقسىز ياپىلاق ياكى يېرىم شار شەكىلدىكى كەپتەر تۇخۇمىنىڭ چوڭلۇقىدا ئەسۋەلەر پەيدا بولىدۇ. پەيدا بولغان ئەسۋەلەر ناھايىتى تېزلىكتە ئۆزئارا بىرىكىپ، بىرقەدەر چوڭ ئەسۋەلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. كۆپىنچە چارۋىلارنىڭ باش، بويۇن، تاغاق، دولا، كۆكرەك ۋە بىلەك قىسىملىرىدا كۆرۈلۈپ، تېرە قاتتىق قىچىشقانلىقتىن كېسەل مال تېرىسىنى چىشلەپ ياكى قاتتىق نەرسىلەرگە سۈركەپ تېرىسىنى زەخىملەندۈرىدۇ ھەمدە يۇڭلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، يەل تاشما تېز تەرەققىي قىلىدۇ، لېكىن 1 ـ 2 كۈن ئىچىدە يوقايدۇ. بەزى چارۋىلاردا يەل تاشما كۆرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەش، روھى چۈشكۈنلىشىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش ھەمدە ھەزىم قىلىشى ناچارلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**3. داۋالاش:** ئاساسلىقى كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان سەۋەبنى يوقىتىپ، زىيادە سەزگۈرلۈكنى تىزگىنلەش ھەمدە بىرلەمچى كېسەلنى داۋالاش كېرەك. (1) كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان سەۋەبنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىرلەمچى كېسەلنى داۋالاش كېرەك، مەسىلەن: كۆكەرگەن، بۇزۇلغان يەم ـ خەشەكلەرنى بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (2) زىيادە سەزگۈرلۈككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، زىيادە سەزگۈرلۈككە قارشى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. بۇنىڭدا كىلىنىكىلىق ئالامەتكە ئاساسەن ماس ھالدىكى دورىلار تاللىنىدۇ. ① مالدا قىچىشىش ئالامىتى كۆرۈلسە 0.25% ـ 0.5% لىك پىروكايىن (普鲁卡因) ئېرىتمىسىدىن چوڭ مالغا 100 ـ 150 مىللىلىتىر، قويغا 30 ـ 40 مىللىلىتىر ۋېنا تومۇرىدىن ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ئاممونىي بىروم (溴化铵) ئوكۇلىدىن چوڭ مالغا 100 ـ 120 مىللىلىتىر، قويغا 30 ـ 40 مىللىلىتىر ۋېنا تومۇرىدىن ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى 10% لىك كالتسىي خلور (氯化钙) ئوكۇلى چوڭ مالغا 100 ـ 150 مىللىلىتىر، قويغا 10 ـ 20 مىللىلىتىر ۋېنا تومۇرىدىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. ۋىتامىن C ئوكۇلى مۇسكۇل ياكى ۋېنا تومۇرىغا ماللارنىڭ ھەر كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقىغا 30 ـ 50 مىللىگىرام ئوكۇل قىلىنىدۇ. ② زىيادە سەزگۈرلۈكنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن 0.1% لىك ئادرېنالىن (肾上腺素) ئوكۇلى چوڭ مالغا 2 ـ 5 مىللىلىتىر، قويغا 0.2 ـ 1 مىللىلىتىر تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ئېفېدرىن ئوكۇلى چوڭ مالغا 0.05ـ 0.5 گىرام، قويغا 0.02 ـ 0.05 گىرام كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى كالتسىي لاكتات (乳酸钙) تىن 20 ـ 30 گىرام كۈنىگە 2 ـ 3 قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ. سوزۇلما خاراكتېرلىك يەل تاشمىدا ئۆز قېنى بىلەن داۋالىنىدۇ. جايلىق ئورۇنغا قىچىشىشنى توختىتىش دورىلىرىدىن 1% لىك سىركە كىسلاتاسى (醋酸) ياكى 2% لىك ئىسپىرت سۈرۈلىدۇ ياكى قىچىشىشنى توختاتقۇچى بىرىكمە (يالپۇز بىر گىرام، كاربونىك كىسلاتا ئىككى مىللىلىتىر، سالىتسىلىك كىسلاتا ئىككى گىرام، گىلىتسېرىن بەش مىللىلىتىر، 70% لىك ئىسپىرت ئومۇمىي مىقدارى 100 مىللىلىتىر بولغۇچە قوشۇپ تەييارلىنىدۇ) جايلىق ئورۇنغا سۈرۈلىدۇ. (02)

# چارۋىلاردىكى كۆپ تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش

چىمەنگۈل زۇنۇن   مىكەررەم مەمەت
(قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

كۆپ تەرلەش كېسەللىكى سۈت كالىلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان كالتسىي مېتابولىزمى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، شۇنداقلا كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنت ۋە ۋىتامىن يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. سۈت كالىلىرىنىڭ سۈت مىقدارى يۇقىرى بولغانسېرى بۇ كېسەللىك شۇنچە بالدۇر پەيدا بولىدۇ ھەم چىقىرىدىغان تەر مىقدارىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ كېسەل ئادەتتە سۈت ئاجرىتىپ چىقىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەزگىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

**كېسەللىك سەۋەبى:** يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سۈت كالىلىرىنىڭ سۈت بېرىش يۇقىرى مەزگىلىدە ياكى سۈتتىن توختاش مەزگىلىنىڭ ئالدىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بۇ مەزگىلدە كالا تېنىدىكى كۆپ مىقداردىكى كالتسىي سۈت بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، بەزى رايونلاردا سۈت كالىلىرى ئۇزۇن مەزگىل قوتاندا بېقىلىدۇ، ھەتتا يىل بويى قوتاندىن چىقىرىلمىغانلىقتىن ئاپتاپقا قاقلىنىشى يېتەرلىك بولماسلىق، كۆندىلىك ئوزۇقلۇق تەركىبىدىكى يىشىل يەم ـ خەشەك يېتەرلىك بولماسلىقتەك ئامىللار سەۋەبىدىن ئورگانىزمدا ۋىتامىن D نىڭ بىرىكىشىمۇ يېتەرلىك بولماي، ۋىتامىن D يېتىشمەسلىكىنى ياكى كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بەدەنگە كىرگەن كالتسىي تولۇق سۈمۈرۈلۈپ بولالماي، تەندىكى كالتسىي مىقدارى تۆۋەنلەپ، مەركىزىي نېرۋا سەزگۈرلىكى ئېشىپ كېتىپ، تەر بېزىنىڭ تەر ئاجرىتىپ چىقىرىشى كۆپەيگەنلىكتىن كۆپ تەرلەش كېسەللىكى كۆرۈلىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** (1) ئىنەك كۆپىنچە سۈت سېغىۋاتقان مەزگىلدە تەرلەيدىغان بولۇپ، يەككە تەن قۇرۇلۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن تەرلەش ۋاقتى ۋە تەرلىگەن ئورۇن ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە ئەتىگەندە تەرلىسە، بەزىدە كەچتە تەرلەيدۇ، بەزىدە ئالدى پۇت ئۈستۈنكى قىسمىدىكى مۇسكۇل تەرلىسە، بەزىدە گەۋدىسىنىڭ بىر تەرىپى تەرلەيدۇ. ھەتتا بەزىدە پۈتۈن بەدەن تەرلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ھاۋا سالقىن مەزگىلدە تەرلىگەندە دۈمبە تۈكلىرى بىر قەۋەت تۇمان ياكى قىرودەك كۆرۈنىدۇ. (2) سۈت ئاج-

رىتىپ چىقىرىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ، ئورگانىزىملار تەرلىگەن مەزگىلدە ئىنەكنىڭ سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىشى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ. بەزىدە ئومومىي سۈت مىقدارىنىڭ 1/3ـ 1/2 گىچە تۆۋەنلەيدۇ، شۇنداقلا سۈتنىڭ ماي نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ. (3) ئومومىي بەدەنلىك ئالامەتلەر: ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، كۆشىشى ئاجىزلاپ، ھەرىكىتى ئاستىلايدۇ، مۇسكۇللىرى جانسىز بولىدۇ، يۈرەك سوقۇشى ئاجىزلايدۇ، كەينى تەرىپىدىن سانىغاندا ئۈچ قوۋۇرغا كۆرۈنەرلىك يۇمشايدۇ. (4) خىمىيەلىك تەكشۈرگەندە قاندىكى كالىتسى مىقدارى تۆۋەنلەيدۇ، يەنى قاندىكى كالىتسى مىقدارى 70 ـ 90 مىللىگىرامغا چۈشۈپ قالىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش:** (1) ھەرقايسى بىقىش باسقۇچىدا بېرىلىۋاتقان كالىتسىينىڭ مىقدارىغا دىققەت قىلىش كېرەك. سۈتتىن توختىغان مەزگىلدە بېرىلىدىغان كالىتسى مىقدارى كۆندىلىك راتسىيون قۇرۇق يەم ـ خەشەك مىقدارىنىڭ 0.5% ـ 0.6% كىچە بولسا بولىدۇ. تۇغۇت مەزگىلىدە مۇۋاپىق ئازايتىش كېرەك. سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىش مەزگىلىدە بېرىلىدىغان كالىتسىي قۇرۇق يەم ـ خەشەكنىڭ 0.75%ـ0.8% نى ئىگەللىسە مۇۋاپىق بولىدۇ. (2) تۇغۇشتىن بۇرۇن كالىتسىي كەملىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىشنىڭ دەسلەپكى بەش كۈندىن باشلاپ ۋىتامىن D نى مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلىش، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ھەر قېتىم 1500 خەلقئارا بىرلىك (IU) بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. (3) كالىتسىي تولۇقلاش: ئالىلىبۇرۇن كېسەللىنىپ بولغان ئىنەكلەرگە قارىتا ئاساسلىقى كالىتسىي تولۇقلاپ داۋالاش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. 10% كالىتسىي خىلور (氯化钙) ئوكۇلدىن 200 مىللىلىتىر، 10% گىلىكوزا سۈيۇقلۇقىدىن بىر لىتىر، 10% لىك كوففىين (安纳加) دىن 20 مىللىلىتىر بىر قېتىمدا ۋېنا تومۇردىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۇدا ئۈچ كۈن داۋالىسا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. ئايرىم كاللار بىر قېتىم دورا ئىشلەتكەندىن كېيىن ياخشىلانسىمۇ، لېكىن تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قايتا كۆرۈلىدۇ. (02)

# قوينىڭ بىرادزوت كېسەللىكى ۋە ئىنتېروتوكسىمىيە كېسەللىكىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە داۋالاش

روزىگۈل ئەخمەتنىياز
(خوتەن شەھرى توسالا يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

**1. قوينىڭ بىرادزوت كېسەللىكى:** بۇ كېسەللىك چىرىتكۈچى مۇك-سىمان باكتېرىيەلەر ئىشلەپچىقارغان توكسىنلاردىن بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ئىنتايىن تېز ئۆلۈش، شىردان ۋە 12 بارماق ئۈچەيگە قان چىقىش ھەمدە نىكروزلۇق كېسەللىك ئوچاقلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئالاھىدىلىنىدۇ. بۇ كېسەللىك بىلەن تولاراق بىر ياشلىق سېمىز قويلار ئاسان كېسەللىنىدۇ. ئۆچكىلەرنىڭ يۇقۇملىنىشى ئازراق بولىدۇ. كېسەللىك باكتېرىيەلەر ئاساسەن ھەزىم قىلىش يولى ئار-قىلىق يۇقىدۇ، بۇ كېسەللىك كۆپىنچە باش ئەتىياز، كەچ كۈزدە كۆپ كۆ-رۈلىدۇ. ئۇ كېسەللىك كۆپىنچە چاچما ياكى يەرلىك خاراكتېرىدە كۆرۈلى-دۇ.

كېسەللىك دائىم ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، كىلىنىكىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيلا تېز ئۆلۈپ كېتىدۇ. كېسەللىنىش ۋاقتى سەل ئۇزۇنراق بولغان قويلار قوي پادىسىدىن ئايرىلىپ ماڭالمايدۇ. قارا رەڭلىك سۇيۇق تېزەكلەي-دۇ، كېسەللىك جەريانى ئادەتتە بىر كۈندىن ئاشمايدۇ، ئۆلۈكى تېز چىرىي-دۇ. قورسىقى كۆپىدۇ، يېرىپ تەكشۈرگەندە ناھايىتى سېسىق پۇرايدۇ. تەبى-ئىي تۆشۈكلەردىن قانغا ئوخشاش سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدۇ.

**2. قوينىڭ ئىنتېروتوكسىمىيە كېسەللىكى:** بۇ كېسەللىك D تى-پىدىكى گاز ھاسىل قىلغۇچ تاياقچە باكتېرىيەسىدىن بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر قان زەھەرلىنىش كېسەللىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قوينىڭ بىرادزوت كېسەللىكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كېسەللەنگەن قوي ئۆل-گەندىن كېيىن بۆرەك توقۇلمىسى ئاسانلا يۇمشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ كې-سەللىك «يۇمشاق بۆرەك» كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ كېسەللىك ھەزىم قىلىش يولى ئارقىلىق يۇقىدۇ، كۆپىنچە ئىككى

ياشلىق سېمىز قويلاردا كۆرۈلىدۇ، باشقا كۆشىگۈچى ھايۋانلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ، كۆپىنچە چاچما ھالدا كۆرۈلىدۇ. ئۆتكۈر خاراكتېرىدىكى كېسەللەنگەن قويلار ئۇشتۇمتۇت ئۆلىدۇ. كېسەللەنگەن قويلارنىڭ كېسەللىك جەريانى سەل سوزۇلۇپ كەتسە، خامۇشلىق ياكى مۇگۇدەش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئىچى سۈرىدۇ. ئادەتتە 1 ـ 3 كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ قالىدۇ، يېرىپ تەكشۈرگەندە كېسەللەنگەن قوينىڭ بۆرىكى يۇغىناپ، قان تولۇپ، بۆرەك يۇمشاپ كېتىدۇ، ھەتتا لايدەك بولۇپ قالىدۇ.

**3. قوينىڭ بىرادزوت كېسەللىكى بىلەن ئىنتىروتوكسىمىيە كېسەللىكىنى پەرقلەندۈرۈش:** (1) بۇ ئىككى خىل كېسەللىكنىڭ كۆرۈلۈشى پەسىل ۋە شارائىت خاراكتېرىگە ئىگە. بىرادزوت كېسەللىكى تولاراق باش ئەتىياز ۋە كەچ كۈز پەسىللىرىدە يۈز بېرىدۇ. كۆپىنچە زەي ئوتلاق، سازلىق ئوتلاقلاردا باققان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يەم ـ خەشەكلەر بىلەن باققان قويلاردا كۆرۈلىدۇ. ئىنتىروتوكسىمىيە كېسەللىكى كۆپىنچە يامغۇر پەسلى ۋە يېشىل ئوت ـ چۆپلەر راسا ئۆسكەن مەزگىلدە كۆرۈلىدۇ؛ (2) ئىنتىروتوكسىمىيە كېسەللىكىدە قان شېكىرى، سۈيدۈك شېكىرى يۇقىرى بولىدۇ ، بىرادزوت كېسەللىكىدە قان شېكىرى، سۈيدۈك شېكىرى نورمال بولىدۇ؛ (3) يېرىپ تەكشۈرگەندە تىپىك كېسەللىك ئالامىتىنىڭ ئورنى ئوخشاشمايدۇ، بىرادزوت كېسەللىكىدە شىردان ۋە 12 بارماق ئۈچەيدە قاناش ۋە سۇلۇق ئىششىق كۆرۈلىدۇ. ئىنتىروتوكسىمىيە كېسەللىكىدە بۆرەك يوغىناپ، يۇمشاپ كېتىدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش:** (1) كېسەللىك دائىم پەيدا بولىدىغان رايونلاردا، ھەر يىلى كېسەللىك تارقىلىش پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنىسى (بىرادزوت كېسەللىكى، ستروك كېسەللىكى، ئىنتىروتوكسىمىيە كېسەللىكى) ياكى بەش بىرلەشمە ۋاكسىنىسى (بىرادزوت، ستروك، ئىنتىروتوكسىمىيە، دىزىنتېرىيە، يۇقۇملۇق جىگەر كېسەللىكى ۋاكسىنىسى) تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنىسى

# نىمكەش تىراكتور سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

گۈلباھار ئىنايەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پونكىتىدىن)

1. نىمكەش تىراكتور سېتىۋالغۇچى ئالدى بىلەن ئىشلىتىش ئورنى، ئىشلىتىش شارائىتى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان تىراكتور تىپىنى تاللاش، زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتقان، ۋەزدىيەتنىڭ ئارقىسىدا قالغان تىراكتورلارنى ئەڭ ياخشىسى سېتىۋالماسلىقى، زاپچاس كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن مەشغۇلاتقا تەسىر يېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

2. ئىشلەتكەن ۋاقتى بەش يىلدىن ئاشقان نىمكەش تىراكتورنى سېتىۋالماسلىق لازىم. بۇ خىل تىراكتورلار سېتىپ چىقىرىشتىن ئاۋۋال مۇكەممەل رېمونت قىلىنغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئاساسىي زاپچاسلىرىنىڭ ئۇپرىشى بىرقەدەر ئېغىر بولىدۇ. ئىشلىتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كاشىلا چىقىشى مۇمكىن ھەم ماي سەرپىياتىمۇ چوڭ بولىدۇ.

3. تىراكتورنىڭ نومۇر تاختىسى، يول يۈرۈش كىنىشكىسى ۋە تىراك-

---

ئالتە ئايلىقتىن تۆۋەن قوزىلارنىڭ تېرە ئاستىغا 5 ـ 6 مىللىلىتىر، ئالتە ئايلىقتىن يۇقىرى قوزىلارنىڭ تېرە ئاستىغا 8 ـ 10 مىللىلېتىردىن، بەش بىرلەشمە ۋاكسىنىسى بەش مىللىلېتىردىن تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئىككى ھەپتىدە ئىممۇنىتېت پەيدا بولىدۇ. ئىممۇنىتېت مۇددىتى 6 ـ 9 ئاي بولىدۇ؛ (2) كېسەللىك مەلۇم بولغان ھامان ساغلام قويلار قورغاق رايونلارغا يۆتكىلىدۇ. ئۆلگەن قويلار چوڭقۇر كۆمۈپ تاشلىنىدۇ. قورا ـ قوتان، قورال ـ سايمانلار دېزىنفېكسىيەلىنىدۇ. پادىدىكى قويلارغا 0.5% لىك مارگانسوپ ئېرىتمىسىدىن 100 مىللىلىتىر ياكى 2% لىك كۆكتاش ئېرىتمىسىدىن 100 مىللىلىتىر ياكى 10% لىك ھاك سۈزۈك سۇيىدىن 50 ـ 100 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ. كېسەللىك جەريانى بەك قىسقا بولغاچقا، كۆپ چاغلاردا داۋالاشقا ئۈلگۈرەلمەيلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. (02)

## ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ئەخلاق ساپا تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۇسۇللىرى

**ئايجامال ئەخمەت**
(ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازىرى دۆڭ مەھەللە كەنت باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

1. دۆلەت يېزا مائارىپىغا خىراجەت سېلىنمىسىنى داۋاملىق كۆپەيتىشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى باھالاش، مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى باھالاش تۈزۈلمىسىگە كىرگۈزۈپ، بۇ قۇرۇلۇشنى ئۆزلۈكسىز يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا پارتىيە - ھۆكۈمەت يېزا مائارىپىغا بولغان سېلىنمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا قىشلاقلاردا مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەت بازىسى قۇرۇپ، يېزىلاردا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، يېڭىلىققا يېتەكلەپ، شەھەردىكى مەكتەپلەر بىلەن بولغان پەرقنى كۈنسايىن كىچىكلىتىش كېرەك.

2. تەربىيەلەش مەزمۇنىدا ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق تەربىيەسى بىلەن

---

تور رام نومۇرى، ماتور نومۇرلىرى تولۇق ھەم ئۈنۈملۈك بولۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ رەسمىيىتى تولۇق بولمىغان تىراكتورنى سېتىۋالماسلىق لازىم.

4. ئىمكانقەدەر «ئۈچ ھۆددە» ئۈنۈملۈك مۇددىتى ئىچىدىكى تىراكتورلارنى سېتىۋېلىش ھەمدە تىراكتور سېتىۋالغانلىق تالونى، ئىشلىتىش قوللانمىسى، ئاسراپ رېمونت قىلىش كارتىسى ۋە «ئۈچ ھۆددە» ئىسپاتى قاتارلىق رەسمىيەتلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇۋېلىپ، «ئۈچنى ھۆددە ئېلىش» مۇلازىمىتى مەزمۇنىنى تەپسىلىي چۈشىنىۋېلىش لازىم.

5. سېتىۋالماقچى بولغان تىراكتورلارغا نىسبەتەن كەسپىي تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىپ تەكشۈرتۈش ھەم سىناپ بېقىش، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن سېتىۋېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ نوپۇس رەسمىيىتىنى بېجىرىۋېلىش لازىم. (02)

پۇقرالار ئەخلاق تەربىيەسىگە ئائىت مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش كېرەك. نۆۋەتتە يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى توغرا دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تىكلىشىگە توغرا يېتەكلەش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق تەربىيەسى ۋە پۇقرالار ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردا خاس ئىجادچانلىقى ئىگە ھەر خىل پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇرتىنى قىزغىن سۆيۈش، كۆپچىلىككە كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە يېتەكلەپ، ئىجادچانلىق ۋە رىقابەتلىشىش روھىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

3 ھەر خىل بايرام كۈنلىرى ۋە خاتىرىلەش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېزىلاردا شارائىتقا ماسلاشتۇرۇپ، مەركەزلىك ھالدا ئىدىيە ئەخلاق تېما قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. يازلىق ـ قىشلىق لاگېر پائالىيىتى، مىللىي قەھرىمانلار ۋە ئىنقىلابىي جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پائالىيىتىنى ئەتراپلىق تەشكىللەپ، تەربىيە مەزمۇنىنى قىزىقارلىق، سىرتقى پائالىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، رايونىمىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە مۇناسىپ تەربىيەنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

4. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان لاياقەتلىك ئائىلە، مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ① جەمئىيەت ياخشى ئەخلاق مۇھىتقا موھتاج، بۇ خىل مۇھىت

بارلىق يۇقىرالارنىڭ ئورتاق بەرپا قىلىشى ۋە قوغدىشىغا موھتاج. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېزا ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىپ، نورمال زېھىن ئېچىش سورۇنلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش غەمخورلۇققا ۋە شارائىتقا ئېرىشتۈرۈش لازىم؛ ② مەكتەپ دەرسخانا تەربىيەسىدىن سىرت يەنە تور مەكتىپى، جەمئىيەت تەكشۈرۈش، مەكتەپ ئىچى - سىرتىدىكى ھەر خىل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەمىمىي، مېھىر - شەپقەتلىك، ئەمگەكچان، تىرىشچان، ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە، مۇكەممەل خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ ③ ئائىلە - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق پەزىلىتى شەكىللىنىشتە بىرىنچى مەكتەپ، شۇڭا يېزىلاردا ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى، پەن - تېخنىكا ۋە قانۇن - تۈزۈم مەكتىپى بەرپا قىلىپ، شۇنداقلا رادىيو - تېلېۋىزىيە، تەشۋىقات ئارقىلىق ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» ۋە «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پۇتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

5. يېزىلاردا ياش ئۆسمۈرلەرنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، يارامىلىق تەربىيەلەش ئۇچۇن، يېزا - كەنتلەردىكى تەييارلىق، باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز جايىدا ياخشى مۇھىت شارائىتتا ئوقۇشقا داۋاملىق مەدەت بېرىپ، يېزا - قىشلاق مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشىغا مۇقىم شارائىت يارىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**25 ـ ماددا** ۋەزىپە، دەرىجە ئۆستۈرۈش، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىدـ نى باھالاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئاياللارنى كەمسىتمەسلىك كېرەك.

**26 ـ ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە ئەمگەك ۋاقتىدىكى بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى، ئاياللارغا باب كەلمەيدىغان خىزمەت ۋە ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرماسلىقى كېرەك. ئاياللار ھەيز كۆرۈش، ھامىلىدارلىق، تۇغۇت، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە ئالاھىدە ئاسرىلىدۇ.

**27 ـ ماددا** ھەرقانداق ئورۇننىڭ توي قىلىش، ھامىلىدار بولۇش، تۇغۇت دەم ئېلىشى، بالا ئېمىتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى باھانە قىلىپ، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشىگە، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشىگە، ئەمگەك (تەكلىپلىك ئىشلىتىش) توختامى ياكى مۇلازىمەت كېلىشىمىنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. لېكىن، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى ئەمگەك (تەكلىپلىك ئىشلىتىش) توختامى ياكى مۇلازىمەت كېلىشىمىنى بىكار قىلىشنى ئۆزى تەلەپ قىلغان ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا. ئورۇنلار دۆلەتنىڭ پېنسىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتا، جىنسىنى باھانە قىلىپ ئاياللارنى كەمسىتسە بولمايدۇ.

**28 ـ ماددا** دۆلەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە سالامەتلىك ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. دۆلەت ئاياللارغا ياردەم بېرىش مەقسەت قىلىنغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پائالىيىتىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدۇ. (05) (داۋامى كېيىنكى ساندا)

# دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ رولى

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

نۆۋەتتە رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ رايونىمىزدىكى بىر قىسىم دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيەسىنىڭ ئازاد بولۇپ، يېڭى بىلىملەر بىلەن يېڭىلانغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالى. شۇنداقلا دېھقان - چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ، پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، دەۋرگە ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى. شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دېھقانلارغا قاراتقان ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا يۈزلىنىپ، سىياسەتتىن، زاماندىن، دەۋردىن مىننەتدارلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

1. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق ئىدىيەسىنى كۈچەيتىپ، رايونىمىزدىكى كوزور مەھسۇلاتلارنىڭ كۆلەملىشىشىنى تېزلىتىدۇ.

2. بۇ خىل كوپېراتىپلار دېھقانلارنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، كوزور مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ سۈپەتلىك ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكلەيدۇ.

3. بۇ خىل ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى دېھقانلارنى يېڭى دەۋردىكى ئۈنۈملۈك ئۇنىۋېرسال بىلىم - تېخنىكا، ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىشنى تېزلىتىدۇ.

4. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى كۆپەيگەنسېرى

دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئېشىشى تېزلىشىپ، ئىناق ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ.

5. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى كۆپەيگەنسېرى دېھقانلارنىڭ ئۆزگە، سىياسەتكە، پەن ـ تېخنىكىغا ئىشەنچىسى ئېشىپ، مۇقىم تەرەققىي قىلىش قەدىمى تېزلىشىدۇ.

6. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى كۆپەيگەنسېرى دېھقانلارنىڭ قىلمىۋاتقان كەسپىگە بولغا ئىشەنچىسى ئېشىپ، بېيىش قەدىمى تېزلىشىدۇ.

7. بۇ خىل كوپېراتىپلار ھەر خىل كەسپلەرنىڭ قىممىتىنى گەۋدىلىك ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، ئىلىم ـ پەننى سۆيۈپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ.

8. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، زامانغا لايىق ھەقىقىي بايغا ئايلىنىشىغا پۇختا ئاساس سالىدۇ.

9. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى دېھقانلارنى ئۆزئۆزىنى تەربىيەلەش رولىنى ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئازاد قىلىپ، ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

10. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى دېھقانلارنىڭ پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ بېيىشىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنى ئېتىقادلىق، پەزىلەتلىك، ئۈمىدۋار، كەڭ قورساق، تىرىشچان، ئەمگەكچان قىلىپ، توغرا رىقابەت قارىشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانىنىڭ ھەقىقىي بېيىشىغا پۇختا ئاساس سالىدۇ. (05)

# شەرەپ قۇچقان جانانغا

مەتنۇرى ئىمىن (پۇناقى)
(چىرا ناھىيە دامكو يېزا چوقۇباش كەنتىدىن)

يازغىنىم بۇ چىن يۈرەك ئىشىق نەزمىسى،
تۇتاشقىنى كۆيۈك ئوت تېخى تۇنجىسى.
چۈشكەچ كۆزۈم تۆھپىكار ئايدەك چولپانغا،
شۇ تۇغرۇلۇق بۇ نەزمە گەپنىڭ قىسقىسى.

شەرەپ قۇچقان جانانىنىڭ ھەر گۈل مەيدىسى،
چىقتى ئاڭا ئىشقىم پارتلاپ ۋۇلقان بومبىسى.
ئاشىق - مەجنۇن قەلبىمگە شىپالىق مەلھەم،
مېنى لال قىپ كۆيدۈرگەن جاھان پەرىسى.

جانان دېگەن يىگىتنىڭ يۈرەك تارىسى،
ھۇزۇر - راھەت مەست - خۇشبۇي باغىنىڭ سەيلىسى.
بەخش ئەتكەچ مېھرىنى ئەل ھەم خەلقىگە،
شۇڭا كېلەر ھەممىنىڭ بەكمۇ سۆيگۈسى.

ئۆچمەس شەرەپ قۇچقانىنىڭ يارقىن شولىسى،
گۈلزىبالىق چېھرىدە ياشلىق جىلۋىسى.
مېھرى ئاتەش غەمگۈزار چەشمە بۇلاقتىن،
ئوغۇز كەبى تۇتقىنى سۆيگۈ شىرنىسى.

شېرىن سۆزۈڭ بال لېۋىڭ شائىر نەزمىسى،
كۆزۈڭ قۇياش يۈزۈڭ ئاي گۈللەر پەرىسى.
مەپتۇن بولسۇن سېھىرلەن تېخىمۇ جانان....!
مەڭگۈ كەلسۇن ئىنسانىنىڭ سۆيگۈ ھەۋىسى. (02)

يېزا ئىگىلىكىنى
يېزا بىلەن دېھقانلار
مەسىلىسىنى ياخشى ھەل
قىلىش پۈتكۈل پارتىيە
خىزمىتىدىكى مۇھىم
ئىشلارنىڭ مۇھىمدۇر

«مەركەزدىن سادا» نىياز كېرىم شەرقى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2013 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز !



1982 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە بازىرى لايجۇڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلاردىن خەلقىمىزگە ئوتلۇق سالام!

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى


# يېزا پەن ــ تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

农村科技

(月刊)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: « يېزا پەن ـ تېخنىكىسى » ژۇرنىلى رېداكسىيەسى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن     تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ــ 0991

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت     مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ     پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى     باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58     ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016